

# دىنىمنى ئۆگىنىمەن

2

## سوئال - جاۋاب ۋە ھېكايىلەر

تاھارەت

غۇسۇل

ناماز


روزا

زاكات

ھەج


## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى















ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# دىنىمنى ئۆگىنىمەن

ئىسلامنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە سوئال ـ جاۋاب ۋە ھېكايىلەر

(ئىككىنچى قىسىم)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. مەجىد

كومپيۇتېرغا ئالغۇچى: ئا. روزى توختى

ئالاقىلىش ئادرېسى: webmaster@munber.org

http://www.munber.org

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## أعوذ بالله من الشيطان الرجيم

قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

# تاھارەت، غۇسۇل، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج

قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن (ئەسكىلىكىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن..



## بىسمىللاھ

تۇنجى سۆزۈم ئاللاھتۇر.
ئىمان تولغان قەلبىمگە.
ھەر ئاخشىمى ياتقاندا،
ھەر ئەتىگەن قوپقاندا،
دەيمەن ھامان بىسمىللاھ.



يەپ ـ ئىچكەندە رىزقىمنى،
ئوقۇغاندا كىتابنى،
ئۆگەنگەندە دەرسنى،
باشلىغاندا ئويۇننى،
دەيمەن ھامان بىسمىللاھ.



بىسمىللاھ دېيىش بىلەن،
يۈزلەندىمەن رەببىمگە،
قۇۋۋەت كەلدى قەلبىمگە.
ئاللاھ تۇتار قولۇمدىن،
بىسمىللاھنى چۈشۈرمەيمەن دىلىمدىن.



www.munber.org

# بسمىللاھنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى




ئۆيگە كىرىۋاتقاندا ”بىسمىللاھ“ دېمىگەن بىپەرۋا بالا بىلەن بىرلىكتە شەيتانمۇ ئۆيگە كىردى ۋە بالا بىلەن بىللە تاماق يېدى.




ئۆيگە كىرىدىغان ۋە تاماق يەيدىغان چاغدا ”بىسمىللاھ“ دەپ باشلىغان بالىنىڭ يېنىدىكى شەيتان ئۆيگە كىرەلمىدى ۋە تاماقتىن يېيەلمىدى.



www.munber.org

ھېكايە:

## شەيتاننىڭ تاماقتا شېرىك بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىدىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئىدۇق. ئالدىمىزغا بىر داستىخان سېلىندى. بىز ئادەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى تاۋاقتا قول ئۇزاتمايتتۇق. ئۇنىڭ يېيىشكە باشلىشىنى ساقلاپ تۇراتتۇق. كىچىك بىر قىز داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىماستىن ئالدىراپلا قولىنى تاماققا ئۇزاتتى، سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى تاماق يېيىشتىن توستى. ئاندىن سەھرادا ياشايدىغان بىر كىشى كەلدى. ئۇمۇ ئالدىراپ قولىنى تاماققا ئۇزاتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭمۇ قولىدىن تۇتتى ۋە بىزگە:

- «شەيتان ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ يېگەن تاماققا شېرىك بولىدۇ. شەيتان تامىقىمىزغا شېرىك بولۇش ئۈچۈن بۇ كىچىك قىزنى كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئاندىن ئۇ سەھرالىق كىشىنى ئەكېلىپ يەنە شېرىك بولماقچى بولۇۋېدى. ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدىم. شەيتاننىڭ يېيىشىنى توستۇم،» دېگەندىن كېيىن ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەپ قولىنى ئاشقا ئۇزاتتى، ئاندىن بىزمۇ يېيىشكە باشلىدۇق.

نەسىھەتلەر:

■ يېيىشتىن ئىلگىرى ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دېيىشىمىز، ئوڭ قولىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئېلىپ يېيىشىمىز لازىم. يېيىشتىن ئىلگىرى ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن قوللىرىمىزنى يۇيۇشىمىز لازىم.

■ ”بىسمىللاھ“ دېيىش تاماققا بەرىكەت قوشىدۇ. قورساقنى تويغۇزىدۇ. ”بىسمىللاھ“ دېمەي يېگەن تاماققا شەيتان شېرىك بولىدۇ ـ دە، تاماقنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ.

ھېكايە:

## ناتونۇش بىر يولۇچىنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن سورىغان سوئاللىرى

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بۇ ئەسنادا ئاپپاق كىيىم كەيگەن، قاپقارا چاچلىق بىر كىشى يېنىمىزغا كەلدى. ئۈستىباشلىرىدا ھېچبىر سەپەر قىلغانلىقنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقايسىمىز ئۇنى تونىمايتتۇق. ئۇ كېلىپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزىنى تىزىغا تەككۈزۈپ ئولتۇردى. قوللىرىنى يۇتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆرمەت بىلەن قويغاندىن كېيىن سوئال سوراشقا باشلاپ:

- ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئىسلام: 1 ـ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش (يەنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش).

www.munber.org

2 ـ ناماز ئوقۇش. 3 ـ زاكات بېرىش، 4 ـ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، 5 ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەندە كەبىگە بېرىپ ھەج قىلىشتۇر، دېدى. ناتونۇش كىشى:

ـ راست ئېيتتىڭ، دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. بىز ئۇنىڭ ھەم سوراپ، ھەم ''راست ئېيتتىڭ'' دەپ تەستىقلىغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالدۇق، كېيىن ئۇ يەنە:

ـ ئىمان دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىمان: 1 ـ ئاللاھقا، 2 ـ پەرىشتىلىرىگە، 3 ـ كىتابلىرىغا، 4 ـ پەيغەمبەرلىرىگە، 5 ـ ئاخىرەت كۈنىگە، 6 ـ تەقدىرگە يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر، دېدى. ناتونۇش كىشى يەنە:

ـ راست ئېيتتىڭ! دەپ بېشىنى لىڭشىتتى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ «ئى ئۆمەر! سوئال سورىغان بۇ زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» ـ دېدى. مەن:

ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« ئۇ سىلەرگە دىنىدىن تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر» دېدى.

***

بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەق دىن ـ پەقەت ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلامدىن باشقا دىنغا، باشقا ئىدىئولوگىيە، ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنلارغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئېتىقادىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلامدىن باشقا دىن ۋە قانۇنلارغا ئەمەل قىلغانلار ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، جازالىنىدۇ.

﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىزمۇ ئۇ (يەنى ئۇنى دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾ [سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت]

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارنى ''مۇسۇلمانلار'' دەپ ئاتىغان، ئىشىنىشىمىز ۋە ھاياتىمىزنى ئۇنىڭغا تەدبىقلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان دىننى ''ئىسلام'' دەپ ئاتىغان.

بىرەر مەسئۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان ھەرقانداق زاۋۇت ياكى شەخس ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگەچكە، ''ئىشلىتىش قوللانمىسى'' نىمۇ بىرلىكتە بېرىدۇ. ئىنسان يارىتىلغان بىرەر مەخلۇقتۇر. ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىمۇ ئىنساننىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز تەرەپلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنساننى بەختلىك ياشىشۇن دەپ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەر ۋە كىتاب ئەۋەتكەن.

www.munber.org

# دىنىي بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار



س: رەببىڭ كىم؟

ج: ئاللاھ.

س: ”رەب“ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: ئىبادەتكە لايىق بولغان، ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە پۈتۈن كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچى.

س: سېنى كىم ياراتتى؟

ج: ئاللاھ ياراتتى.

س: ئاللاھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: جۈپتى ۋە تەڭدىشى بولمىغان، تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان، كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىمى شەيئىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمىدۇر.

س: سەن كىمنىڭ بەندىسى؟

ج: مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى.



س: قەيەردىن كەلدۇق؟ قەيەرگە كېتىمىز؟

ج: ئاللاھ تىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىمىز.

س: نېمە ئۈچۈن يارىتىلدۇق؟

ج: ئاللاھقا قۇللۇق بىلدۈرۈش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن.

س: ئىنساننىڭ قۇللۇق ۋەزىپىسى نېمە؟

ج: ئاللاھنىڭ ئەمرلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيە قىلغىنىنى بويىچە ياشاش.



س: بىز قاچاندىن بويان مۇسۇلمان؟

ج: ئەلمىساق (قالۇ بەلا) دىن بېرى مۇسۇلمان، ئەلھەمدۇلىللاھ.

س: ئەلمىساق (قالۇ بەلا) دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: ئۇلۇغ ئاللاھ دۇنيانى يارىتىشتىن ئىلگىرى، دۇنياغا كېلىپ كېتىدىغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ روھلىرىنى ياراتقان. ئۇلارنى ئالاھىي ھۇزۇرىغا يىغىپ:

- ئەلەستۇ بىرابىكۇم؟ (مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار



www.munber.org

ئەمەسمۇ؟) دەپ سورىغان. روھلار:

- ”قالۇ بەلا“ (شۇنداق، سەن بىزنىڭ رەببىمىز) پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن، بۇ ئەھدى سۆزلەنگەن ۋاقىت ئەلمىساق (قالۇبەلا) زامان دەپ ئاتىلىدۇ.



س: ئەلھەمدۇلىللاھنىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: جىمى ھەمدۇسانا (ماختاش، مەدھىيە) ئاللاھقا خاستۇر دېگەنلىكتۇر.

س: ئاللاھ بەرگەن چەكسىز نىمەتلەر (كۆز، ئەقىل، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، قول، پۇت، يىمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار) ئۈچۈن ئاللاھقا قانداق تەشەككۈر ئېيتىسەن؟

ج: ئاللاھقا شۈكۈر دەيمەن.

س: بىر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش ئىلگىرى نىمە دەيسەن؟



ج: بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەيمەن.

س: ئاللاھ قانچە؟

ج: ئاللاھ بىردۇر.

س: ئاللاھ قەيەردە؟

ج: ئاللاھ ھەر زامان، ھەريەردە بار.

س: دىنىڭ نىمە؟

ج: دىنىم ئىسلام.

س: ئىسلام دىنىغا قانداق كىرگىلى بولىدۇ؟



ج: - كەلىمە تەۋھىد، ۋە كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىش ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ. بۇلار ”دىنىمنى ئۆگىنىمەن“ ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى قىسىمدا تەپسىلي سۆزلەنگەن.

س: كىتابىڭ قايسى؟

ج: قۇرئان كەرىم.

س: قىبلەڭ قەيەردە؟

ج: قىبلەم كەبە شەرىف.

س: كىمنىڭ ئەۋلادى سەن؟

ج: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى.

www.munber.org

س: كىمنىڭ ئۈممىتى سەن؟

ج: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى.

ئەسكەرتىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ”دىنىمنى ئۆگىنىمەن“ نامىنىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## ئوتتۇز ئىككى پەرز

ئىمان دىلدىن قوبۇل قىلىپ تىلدا سۆزلەشتۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى چىن يۈرەكتىن (توغرا دەپ) قوبۇل قىلىش ۋە بۇ ئېتىقادنى تىلى بىلەن سۆزلەشتۇر.

## ”ئامەنتۇ“ ئىماننىڭ شەرتلىرى: ئالتە

1 ـ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىش.

2 ـ ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان ئېيتىش.

3 ـ ئاللاھ ئەۋەتكەن كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش.

4 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش.

5 ـ ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىش.

6 ـ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تىن كەلگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش.

## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: بەش

1 ـ كەلىمە ـ شاھادەت ئېيتىش.

2 ـ ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش.

3 ـ بايلار يىلدا بىر قېتىم زاكات بېرىش.

4 ـ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش.

5 ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەندە ھەج قىلىش.



www.munber.org

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى: تۆت



1 - يۈزىنى يۇيۇش.

2 - قولنى جەينەكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

3 - باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا مەسىھ قىلىش (ھۆل قولى بىلەن سىلاش).

4 - پۇتلىرىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

## غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى: ئۈچ



1 - ئېغىزنى ئوبدان چايقاش.

2 - بۇرنىغا توشقىچە سۇ ئېلىپ چايقاش.

3 - پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق يۇيۇش، بىر تال تۈك چاغلىق يەرنىمۇ قۇرۇق قويماي يۇيۇش.

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى: ئىككى



1 - ئاۋۋال تەيەممۇم ئۈچۈن نىيەت قىلىش.

2 - ئاندىن ئىككى قولنى پاكىزە تۇپىغا ئۇرۇپ، تۇپا يۇققان قولدا يۈزىنى سىلاش، قوللىرىنى يەنە بىر قېتىم تۇپىغا ئۇرۇپ بىلەكلىرىنى سىلاش.

## نامازنىڭ پەرزلىرى: ئون ئىككى (ئالتىسى ئىچىدە، ئالتىسى تېشىدا)



ئا: نامازنىڭ شەرتلىرى (تېشىدىكىلەر)

1 - تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش: كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋىي پاسكىنىلىقتىن تاھارەت، غۇسۇل ۋە تەيەممۇم ئارقىلىق پاكىزلىنىش.

2 - نىجاسەتتىن پاكلىنىش: بەدىنىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي پاسكىنىچىلىقلاردىن پاكىزلاش.

3 - سەترى ئەۋرەت: دىندا كۆرۈشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن يەرلىرىنى يېپىش، ئەرلەر كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلىرىنى يېپىش. ئاياللار قول، يۈز ۋە

www.munber.org

يۈتىدىن باشقا بارلىق يەرلىرىنى يېپىش.

4 ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش: ناماز ئوقۇغاندا قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىش.

5 ـ ۋاقىت: ھەر بىرۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش.

6 ـ نىيەت: ئوقۇماقچى بولغان ناماز ئۈچۈن نىيەت قىلىش.

ب: نامازنىڭ رۇكۇنلىرى (ئىچىدىكى شەرتلەر)

1 ـ تەكبىر تەھرىم: (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ باشلاش.

2 ـ قىيام: ناماز ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇش.

3 ـ قىرائەت: نامازدا ”قۇرئان كەرىم“ دىن ئايەتلەر ئوقۇش.

4 ـ رۇكۇ: ئىككى قولنى بىلەن ئىككى تىزنى تۇتۇپ ئىگىلىش.

5 ـ سەجدە: يۈكۈنۈپ پىشانىسنى يەرگە قويۇش.

6 ـ قەئدە ئاخىرە (ئاخىرقى ئولتۇرۇش): نامازنىڭ ئاخىرىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ”ئەتتەھىيياتۇ“ نى ئوقۇش.

پەرز: ئاللاھ قىلىشقا بۇيرۇغان ئىلاھىي ئەمرلەردۇر. مەسىلەن: ناماز، رۇزا، زاكات قاتارلىق، پەرزنى تەرك قىلىش ھارامدۇر. پەرزنى ئىنكار قىلغان كىشى ئىماندىن ئاجرايدۇ.

سۈننەت: سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبادەت نىيىتى بىلەن كۆپ ۋاقىتلاردا قىلغان، ئاز ۋاقىتلاردا قىلالمىغان، بىزگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدۇر.

ھارام: قىلىش مەنئىي قىلىنغان ئىشلار، مەسىلەن: ھاراق ئىچىش، ئايالارنىڭ چېچىنى ۋە بەدىنىنى يات ئەرلەرگە كۆرسىتىشى، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش... قاتارلىقلار. ھارامدىن يىراق تۇرغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى قىلغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. قەستەن ئىنكار قىلغان كىشى ئىماندىن ئاجراپ كېتىدۇ.

**ھېكايە:**

## ئالما سۈيى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ ئاتىسى سابىت ياش ۋاقتىدىلا ئىنتايىن تەقۋادار، دۇرۇست ۋە ھەممە كىشىگە ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىدىغان بىر دىندار كىشى ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىشتىن يىراق تۇرىدىكەن ۋە بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېغىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر ئېرىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىۋاتسا، ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىر قىزىل ئالما ئېقىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئالما ئېقىپ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇ



www.munber.org

ئالمىنى ئېرىقتىن سۈزۈپ ئاپتۇ. ”بىسمىللاھ“ دەپ ئالمىنى بىر چىشلەپتۇ ۋە شۇ ھامان بۇ ئالمىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، دەرھال ئاغزىدىكى ئالمىنى تۈكۈرۈپتۇ. ئەمما ئالمىنىڭ سۈيى ئاشقازىنىغا بېرىپ بولغان ئىكەن. ئۇ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي يەپ سالغان بۇ ئالما ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق بىئارام بوپتۇ. ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئالمىنىڭ پۇلىنى بېرىشى ياكى رازىلىق ئېلىشقا نىيەت قىپتۇ. ئالما ئېقىپ كەلگەن ئېرىقنى بويلاپ يۈرۈپ ئالما دەرىخى ۋە ئىگىسىنى ئىزلەشكە باشلاپتۇ. سائەتلەرچە يول يۈرگەندىن ئاخىرىدا ئۆستەڭگە ساڭگىلاپ تۇرغان بىر ئالما دەرەخىنى كۆرۈپتۇ. قولىدىكى ئالما بىلەن دەرەختىكى ئالمىنى سېلىشتۇرۇپ:توغرا، ئۇ چىشلەپ سالغان ئالما بۇ دەرەختىن چۈشكەن ئىكەن.



سابىت مۇشۇ ئالما دەرىخى ئۆسكەن باغقا كىرىپ، باغنىڭ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. قولىدىكى ئالمىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقى، چىشلەپ سالغاندىن كېيىن، ئۇنى يېيىشكە ھەققى يوق ئىكەنلىكىنىڭ ئېسىگە كەلگەنلىكى، شۇڭا ئەمدى ئالمىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش ياكى رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ:

ـ يا ئالمىنىڭ پۇلىنى بېرەي، يا سىز رازى بولۇڭ، دەپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى تەقۋادار ۋە ئەقىللىق بىر ئادەم ئىكەن، ئۆستەڭدە ئېقىپ كەلگەن بىر ئالمىنى يېيىشنىڭ دىنى جەھەتتىن چەكلەنگەن بىر ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلاپتۇ. ئۆز ـ ئۆزىچە ”ئەجىبا بۇ يىگىت ھەققەتەن دىنىدا سەممىي ۋە گۇمانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھتىن قورقىدىغان بىر تەقۋادارمىدۇ؟ ياكى ئىككى يۈزلىمچى ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان رىياكار ئەخمەقلەردىن بىرىمۇ؟“ دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن بۇ يىگىتنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

ـ يىگىت، مەن ئاسانلىقچە رازى بولمايمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، شەرتىمنى ئورۇندىيالىساڭ ئويلىنىپ باقاي، دەپتۇ. سابىت قورققان ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا تىترەك بىر ئاۋازدا:



ـ نېمە شەرتىڭىز بار؟ دەپ سوراپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى:

ـ ماڭا ئۈچ يىل ھەقسىز ئىشلەپ بېرىسەن. شۇنداق قىلساڭ ئاندىن رازى بولىمەن ـ دەپتۇ

يىگىت سابىت ”پۇل تۆلەپ بەرسەم“ دەپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما باغنىڭ ئىگىسى:

ـ دېگىنىمدەك يېنىمدا ئۈچ يىل ھەقسىز ئىشلەپ بەرسەڭ، ئاندىن رازى بولىمەن. دەپتۇ قەتئىي ھالدا،

www.munber.org

سابىتنىڭ باشقا ئامالى قالماپتۇ. ئاشقازىنىدىكى هارام ئالما سۈيىنى هالال قىلىش ئۈچۈن، ئارتۇق ئويلاپ تۇرماي بۇ ئېغىر شەرتكە ماقۇل بوپتۇ. ئۈچ يىل باغ ئىگىسىنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ. ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن سابىت باغ ئىگىسىگە:

- دېگىنىڭىزدەك ئۈچ يىل خىزمىتىڭىزدىن قىلدىم. ئەمدىغۇ رازى بولارسىز؟ دەپتۇ. باغ ئىگىسى كۆز ئالدىدىكى بۇ يىگىتنىڭ تېپىلغۇسىز ئېسىل كىشىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىكەن. ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ:

- ماڭا قارا ئوغلۇم، ئالمىغا رازى بولۇش ئۈچۈن يەنە بىر شەرتىم بار، ئۇنى بىجا كەلتۈرسەڭ، تولۇق رازى بولىمەن، دەپتۇ سابىتقا. سابىت قىزىققان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا:

- قېنى ئېيتىڭ، ئىككىنچى شەرتىڭىز نېمە؟ - دەپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى: - مېنىڭ ئەدەب - هايالىق، ئېپپەت نۇمۇسلۇق، نامازلىرىنى تەئدىل - ئەركان بىلەن ئوقۇيدىغان بىر قىزىم بار. ئەمما قىزىمنىڭ كۆزى كۆرمەس، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، قۇلىقى ئاڭلىماس... ئەگەر شۇ قىزىم بىلەن توي قىلساڭ مەن ئاندىن رازى بولىمەن. ئالما ساڭا هالال بولسۇن، دەپتۇ.

بۇنچە كۆپ ئەيىب، نوقسانلىرى بار بىر قىز بىلەن توي قىلىش راستىنى ئېيتقاندا هەقىقەتەن بىر مۇشكۇل ئىش. بۇ شەرت سابىتقا بەك ئېغىر كەپتۇ. ئەمما ئۇششىسىدە خەقنىڭ هەققىنى يۇدۇپ ياشاش، بۇ هالدا ئۆلۈپ ئاللاهنىڭ دەرگاهىغا خەقنىڭ هەققىنى يۇدۇپ بېرىش تېخىمۇ يامان ئىدى. سۇدا ئېقىپ لەيلەپ كەلگەن بىر ئالمىنى چىشلەپ سالغانغا بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەرنى ئىبرەت بىلەن ئويلىغان سابىت بويۇن ئېگىپ:

- ماقۇل، هەققىڭىزگە رازى بولىدىغانلا بولسىڭىز بۇ شەرتىڭىزنىمۇ قوبۇل قىلاي، دەپتۇ. بىر قانچە كۈن ئىچىدى ئاددىي - ساددا بىر توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، سابىت باغ ئىگىسىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىپتۇ. توي كۈنى هوجرىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەل ساهىبجامال بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغۇدەك. سابىت بۇنى كۆرۈپ هەيرانلىقتا ئالدىراپ تىنەپ: "ئاپلا، خاتا كىرىپ قاپتىمەن" دەپلا ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپتۇ ۋە قىزنىڭ دادىسى بىلەن دوقۇرشۇپ قاپتۇ. سابىت خىجىللىقتىن يۈزى قىزارغان هالدا هاياجان بىلەن:

- كەچۈرۈڭ! مەن باشقا هوجرىغا كىرىپ قاپتىمەن، دەپتۇ. قېيناتىسى:



www.munber.org




- ياق، سەن ئۇ ھوجرىغا توغرا كىردىڭ ئوغلۇم! ئۇ مېنىڭ قىزىم شۇ - دەپتۇ. سابىت:

- شۇنداقتۇ، ئەمما بۇ قىز سىز ماڭا دېگەن قىزىڭىز ئەمەسكەن. چۈنكى ئۇنىڭدا سىز دېگەن ئەيىب - نوقسانلاردىن بىرىمۇ يوقكەن، دەپتۇ. قېيناتىسى كۈلۈمسىرەپ:

- ئوغلۇم! قىزىمنىڭ كۆزى كورمەس دېگىنىم - ئۇ بۇگۈنگىچە ھېچقانداق بىر يات ئەر كىشىگە قاراپ باقمىدى دېگىنىم. قۇلىقى ئاڭلىماس دېگىنىم - ئۇ بۇياشقا كەلگىچە غەيۋەت ئاڭلاپ باقمىدى. قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدىن باشقا نەرسە ئاڭلىمىدى. پۇتى باسماس دېگىنىم - قىزىم ھازىرغا قەدەر ئويۇن - تاماشا قىلىدىغان يەرلەرگە بېرىپ باقمىدى، دېگىنىم. شۇڭا مەن ئوبدان ئويلاندىم، بىر ئالىمنىڭ سۆيىدىن قورقۇپ بېغىمدا ئىشلەشكە رازى بولدۇڭ، يېمە - ئىچمەكتە ھالال - ھارامغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدىكەنسەن. بۇ سەۋەبتىن مەن بۇ گۈزەل قىزىمنى ساڭا بېرىشنى لايىق كۆردۈم. ئاللاھقا شۈكۈر! مەن ھاياتىمدا ھارام نەرسە يەپ باقمىدىم. باللىرىمغۇ يېگۈزمىدىم. مېنىڭ قىزىم ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل ئۇ ساڭا، سەن ئۇنىڭغا لايىق. ئالما باغچىسى ساڭا تويلۇق سوغىتىم بولسۇن، بالام ئايالىڭنى يېنىغا كىرگىن - دەپتۇ.

بۇنىڭ ئاڭلىغان سابىت، بارلىق غەم - قايغۇدىن بىراقلا خالاس بوپتۇ. سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك ئايالىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ. بۇ بەختلىك تويدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نومان ئىسىملىك پەرزەنتى تۇغۇلغان بولۇپ. بۇ نومان بولسا ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئۇلۇغ ئالىم ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىفە ئىدى.

### بۇ ھېكايىنىڭ پايدىسى:

چىشلەپ سالغان ئالمىنىڭ ھارام سۆيىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى، ئۇنى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ھالال قىلىش ئۈچۈن ئالمىنىڭ ئىگىسىنىڭ بېغىدا ئىشلەشكە رازى بولغان مۇشۇنداق تەقۋادار بىر دادىدىن ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بىلىملىك ۋە ئالىم بىر پەرزەنت دۇنياغا كېلىدۇ.

www.munber.org

بالسى بار ئاتا ـ ئانىلار: ھارام لوقما يېمەڭلار! گەرچە بىر تامچە ئالما سۈيىچىلىك ھارام نەرسە بولسىمۇ ئۇنىڭدىن زەھەرلىك يىلاندىن قاچقاندەك قېچىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ياخشى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايسىلەر.

## ھاجەتكە ئائىت تازىلىقلار



ـ ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىشتىنىمىزغا سۈيدۈك چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىشتىنىمىزنى تۈرىشىمىز ۋە ئۆرە تۇرۇپ تاھارەت قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ـ ھاجەتخانىدا بىر نەرسە يەپ ـ ئىچىشكە ۋە گەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ـ ھاجەتخانىغا ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەلخۇبسى ۋە لخابائىس“ دەپ سول پۇتىمىز بىلەن كىرىپ ئوڭ پۇتىمىز بىلەن چىقىشىمىز كېرەك.

ـ ھاجەت قىلغاندا قىبلە تەرەپكە قارىماسلىقىمىز كېرەك!

ـ يولغا، سۇغا ۋە كىشىلەر ئولتۇرىدىغان يەرلەرگە تاھارەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىستىنجا قىلىشتا سول قول بىلەن سۇدا يۇيۇش كېرەك، سۇ بولمىسا تازىلىق قەغىزى بىلەن سۈرتسىمۇ بولىدۇ. تاھارەتتىن كېيىن تازىلىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈن قولنى سوپۇنلاپ يۇيۇش كېرەك!



ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلار بۇ خىل تازىلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

**ئەسكەرتىش:**

تاھارەت ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار ”دىنىمنى ئۆگىنىمەن“ ناملىق كىتابنىڭ 3 ـ قىسمىدا تەپسىلي يېزىلغان.

پاكىزلىق:

**1** ـ قەلبنى تەۋبە ئارقىلىق پاكىزلىغىلى بولىدۇ.

**2** ـ بەدەن، كىيىم ۋە تۇرىۋاتقان ئورۇننى سۇدا يۇيۇش ئارقىلىق پاكىزلىغىلى بولىدۇ.

## تاھارەت ئېلىش

تاھارەت: يۈزنى، قولنى بىلەن بىرلىكتە بىلەكلىرىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ پۇتنى يۇيۇش ۋە بېشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھە قىلىش (ھۆل قول بىلەن سىلاشتۇر).

www.munber.org



تاھارەتنىڭ ئېلىش ئۇسۇلى: شارائىت يار بەرسە، قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ”نىيەت قىلدىم تاھارەت ئېلىشقا، “ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەپ، سۇ بىلەن قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. بارماقلارنىڭ ئارىسىدا قۇرۇق يەر قالماسلىقى كېرەك. قولدا ئۈزۈك بولسا، ئۈزۈكنى ئايلاندۇرسا بولىدۇ.

ئوڭ قولى بىلەن ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ ئېغىز چايقىلىدۇ. بولسا، مىسۋاك ياكى چىش چۆتكىسى بىلەن يۇسا تېخىمۇ ياخشى.



بولمىسا ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چىشنى يۇسىمۇ بولىدۇ.



ئاندىن بۇرنىغا ئۈچ قېتىم ئوڭ قولدا سۇ ئېلىپ، سول قولدا پاكىزلىنىدۇ.

يۈز - پېشانىدىكى چاچ ئۆنگەن يەردىن باشلاپ ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ.



ئاۋۋال ئوڭ بىلەك، ئاندىن سول بىلەك جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ.



باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ھۆل ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن مەسھى قىلىنىدۇ.



كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قۇلاقنىڭ ئىچى، باش بارمىقى بىلەن قۇلاقنىڭ كەينىگە مەسھى قىلىدۇ.



www.munber.org



ئـوك پـۇتنىڭ چىمچىـلاق ( ئـەڭ كىچىـك ) بـارمىقىدىن باشـلاپ ئـالدى بىلـەن ئـوڭ پـۇت، ئـاندىن سـول پـۇت ئۇشـۇق سـۆڭەكلىرى بىلـەن بىرلىكتە ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ.

تاھـارەت ئـېلىپ بولغـاندىن كېيىـن قىبلـە تەرەپكە قـاراپ ”كەلىمـە ـ شاھادەت“ نـى ئوقـۇش ۋە ”سـۈرە قـەدرىنى“ ئـۈچ قېـتىم ئوقـۇش كـۆپ ساۋابتۇر.

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

1 ـ يۈزىنى يۇيۇش،

2 ـ بىلەكلىرىنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،

3 ـ باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا مەسھى قىلىش.

4 ـ پۇتلىرىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

## تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

1 ـ تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىش.

2 ـ ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەپ باشلاپ.

3 ـ ئاۋۋال قوللىرىنى پاكىزە يۇيۇش.

4 ـ ئـاغزىنى مىسـۋاك ۋە چـىش چۆتكىسـى بىلـەن چۆتكىلاپ يۇيـۇش يـاكى بـاش بارمـاق ۋە كۆرسـەتكۈچ بارمىقى بىلەن يۇيۇش.

5 ـ بىر ئەزاسى قۇرۇپ بولغىچە يەنە بىرسىنى يۇيۇش.

6 ـ يۇيۇپ بولغان ئەزالىرىنى ئۇبدان سىلاش.

7 ـ ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غەر ـ غەر قىلىپ تۈكۈرۈش.

8 ـ روزا تۇتمىغان چاغلاردا سۇنى ئاغزىغا لىق ئېلىپ، ئاغزىنى چايقاش.

9 ـ بۇرنىغا ئـۈچ قېـتىم ئـوڭ قولـى بىلـەن سـۇ ئـېلىپ، سـول قولـدا بۇرنـىنى تۇتـۇپ مىشـقىرىش. روزا تۇتمىغان چاغلاردا سۇنى كۆپرەك ئېلىش.

10 ـ تاھارەت ئالغاندا رەت ـ تەرتىپكە دىققەت قىلىش.

11 ـ ھەر بىر ئەزاسىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

www.munber.org

12 ـ قولنى ۋە پۇتنى يۇغاندا بارماق ئۇچىدىن باشلاپ يۇيۇش.

13 ـ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قولنى تىقىپ تولۇق يۇيۇش.

14 ـ ساقىلى قويۇق بولغانلار بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى ئارىلاش.

15 ـ بارمىقىدا ئۈزۈك بولسا، ئۈنى ئايلاندۇرۇش.

16 ـ قۇلاقلىرىغا مەسھى قىلىش.



## تاھارەتنى بۇزىدىغان نەرسىلەر

1 ـ ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن چىققان چوڭ ـ كىچىك تەرەت ۋە يەل.

2 ـ بەدەندىن چىققان قان، يىرىڭ ۋە سېرىق سۇ، قان ئارىلاش چىققان سۇ.

3 ـ ئاغىزى توشقۇدەك قۇسۇش (بەلغەم چىققانغا تاھارەت بۇزۇلمايدۇ)

4 ـ ئاغىزىدىن تۈكرۈكچىلىك (تۈكرۈك بىلەن تەڭ) ياكى ئۈنىڭدىن جىقراق قان چىقىش.



5 ـ يېتىپ ياكى يۆلىنىپ ئۇخلاش، ھوشىدىن كېتىش، مەست بولۇش.

6 ـ ناماز ئوقۇۋاتقاندا يېنىدىكى كىشىلەرگە ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا كۈلۈش.

7 ـ تىرناقلارنى سۇ ئۆتمەيدىغان سىر بىلەن بوياش تاھارەت ۋە غۇسۇلنىڭ كامىل بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. (تەبىئى خېنە بۇنىڭ سىرتىدا).

## تاھارەتسىز قىلغىلى بولمايدىغان ئىبادەتلەر

1 ـ ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.


2 ـ ”قۇرئان“ غا قول تەككۈزگىلى بولمايدۇ.

3 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى بولمايدۇ.

4 ـ تىلاۋەت سەجدىسى (قۇرئان سەجدە ئايەتلىرىگە قىلىنىدىغان سەجدە) قىلىشقا بولمايدۇ.

www.munber.org

# تەيەممۇم



تەيەممۇم: پاكىزە توپا بىلەن يۈز ۋە بىلەكلەرنى سىلاشتۇر.

تەيەممۇم مۇنداق قىلىنىدۇ: ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ تاھارەتسىزلىكتىن ياكى جۇنۇبلىقتىن پاكلىنىش ئۈچۈن، دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. ئاندىن قولنى ئېچىپ پاكىزە توپا ياكى توپا بار بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئالقان بىلەن يېنىك ئۇرغاندىن كېيىن توپا يۇقى قول بىلەن يۈز ۋە بىلەك سىلىنىدۇ.


دىققەت! ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش.

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى:

1 ـ نىيەت قىلىش: ”نىيەت قىلدىم تاھارەت ئۈچۈن (ياكى جۇنۇبلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ياكى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن“ دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

2 ـ توپىغا ئالقاننى ئىككى قېتىم ئۇرۇش: ئاۋۋال ئىككى قول بىلەن پاكىزە توپىغا ئۇرۇپ يۈزىنى سىلاش، ئاندىن قوللىرى بىلەن توپىغا يەنە ئۇرۇپ بىلەكلىرىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ سىلاش.

## سۈننەتلىرى




1 ـ بىسمىللاھ ،دەپ باشلاش.

2 ـ ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ توپا ئۈستىگە قويۇش.

3 ـ قوللىرىنى توپا ئۈستىدە ئاۋۋال ئالدىغا ئاندىن كەينىگە سۈرتۈش.

4 ـ رەت تەرتىپىگە دىققەت قىلىش ئارىلىقتا ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي كەينى ـ كەينىدىن تەيەممۇم قىلىش.

قول بىلەن توپىغا يېنىك ئۇرۇش.




ئىككى قولنىڭ توپا يۇقى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش.



ئاندىن يەنە ئالقان توپىغا ئۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن سول قولنىڭ باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئايرىلىدۇ. قالغان ئۈچ بارماقنىڭ ئىچى بىلەن ئوڭ بىلەكنىڭ ئالدى تەرىپى بارماقنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ

www.munber.org



جەينەككىچە (جەينەك بىلەن قوشۇپ) مەسھى قىلىنىدۇ.

(1 ـ شەكىل)


ئوخشاش شەكىلدە ئوڭ قول بىلەن سول بىلەككە مەسھى قىلىنىدۇ.

(2 ـ شەكىل)



ئاندىن ئوڭ بىلەكنىڭ كەينى (تاشقى قىسمى) تەرىپىگە سول قولنىڭ باش بارمىقى بىلەن مەسھى قىلىنىدۇ.

(3 ـ شەكىل)



ئاندىن ئوڭ قولنىڭ باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سول بىلەكنىڭ كەينى (تاشقى) تەرىپىگە مەسھى قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈزنىڭ قول ۋە بىلەكنىڭ چالا قويماي. ھەممە يېرىگە مەسھى قىلىش ئارقىلىق پەرز ۋە سۈننەتكە لايىق بىر تەيەممۇم قىلغان بولىدۇ.

## قانداق ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلىش كېرەك؟

تاھارەتنى يوق، جۇنۇب، ھەيز كۆرگەن ۋە نىفاس كەلگەن بىر كىشى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

1 ـ سۇ بار يەر بىلەن بولغان ئارلىقى ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولسا.

2 ـ كېسەل بولسا.

3 ـ سۇ ياكى ھاۋا سوغۇق بولغانلىقى سەۋەبىدىن.

4 ـ دۈشمەندىن قورقسا.

5 ـ سۇسىز قالسا ياكى پاكىزلىنىشقا يەتكۈدەك سۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈن قورال سايمان بولمىسا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. شەھەردە ياكى يېزىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ھۆكۈم ئورتاق كۈچكە ئىگە.

تەيەممۇم قىلغان كىشى ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈكلىرىنى چىقىرىش ياكى ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

## غۇسۇل

غۇسۇل: پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش دېگەنلىكتۇر.

غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى: ئۈچتۇر

1 ـ ئاغىزنى چايقاش. ئاغىزغا لىق سۇ ئېلىپ گېلىغىچە غەر ـ غەر قىلىش.

2 ـ بۇرنىغا سۇ ئېلىش: بۇرنىغا توشقىچە سۇ ئېلىپ، بۇرنىنىڭ ئىچىنى پاكىزە يۇيۇش.

www.munber.org

3 ـ پۈتۈن بەدىنىنى بىر تال تۈكىمۇ چالا قويماي تولۇق يۇيۇش.

## غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى



1 ـ قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

2 ـ ئەۋرەتنى (جىنسىي ئەزاسىنى) يۇيۇش.

3 ـ بەدىنىدە پاسكىنا نەرسىلەر بولسا تازىلاش.

4 ـ نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش.

5 ـ غۇسلى قىلغاندا ئاۋۋال بېشىغا ئۈچ قېتىم ئاندىن ئوڭ مۈرىسىگە ئۈچ قېتىم ئاندىن سول مۈرىسىگە ئۈچ قېتىم ۋە باشقا يەرلەرگە سۇ قۇيۇش.

6 ـ دىلىدا نىيەت قىلىپ باشلاش ۋە تىل بىلەن "جۇنۇبلۇقتىن پاكىزلىنىش ئۈچۈن" ۋە يا "جۇنۇب بولغانلىقىم ئۈچۈن غۇسلى قىلىشقا" نىيەت قىلدىم دېيىش.

7 ـ قولنى يۇغاندا "بىسمىللاھ" دېيىش.

8 ـ سۇنى بەك كۆپ ياكى ئاز ئىشلەتمەستىن نورمال ئىشلىتىش.

9 ـ غۇسلى قىلغاندا ئەۋرەت يەرلىرىنىڭ باشقىلارغا كۆرۈنۈپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش. ئاممۇبي مۇنچىلاردا ئەۋرەت يېرىنى يېپىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش.

10 ـ يۇيۇنغاندا پۈتۈن بەدىنىنى ئوبدان ئۇۋىلاش.

11 ـ غۇسلى قىلغاندا ـ باشقىلار كۆرمەيدىغان پىنھان جايدا قىلىش.

12 ـ غۇسلى قىلغاندا قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلماسلىق.

## پەرز سۈننەت ۋە ئەدەبكە مۇۋاپىق ھالدا غۇسۇل قىلىش

غۇسۇل قىلماقچى بولغان كىشى ئاۋۋال بىسمىللاھنى ئوقۇشى ئاندىن غۇسلى قىلىشقا نىيەت قىلىشى كېرەك. قوللىرىنى پاكىزە يۇيۇشى. قولنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىغلىق قۇرۇق بىر نەرسىلەر بولسا (مەسىلەن سىر خېنىسى دېگەندەك) ئۇلارنى ئېلىۋېتىشى، ئاندىن جىنسىي ئەزاسى ياكى باشقا جايلىرىدا پاسكىنا نەرسىلە بولسا، ئۇنى پاكىزلىشى كېرەك. ئاندىن ئوڭ قولىغا ئۇچۇملاپ سۇ ئېلىپ ئۇنى ئاغزىغا ئېلىشى ۋە سۇنى گېلىغىچە ئەكېلىشى، ئاغزىنىڭ ئىچى ۋە چىشلىرىنىڭ ئارىسىنى ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاش كېرەك. ئاندىن يەنە ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم بۇرنىنىڭ ئىچىنى يۇيۇشى. بۇرنىنىڭ ئىچىدە ماڭقا چالا قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىم سول قولى بىلەن تۈتۈپ مىشقىرىش كېرەك.

ئاندىن خۇددى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش كېرەك. ئەگەر دەسسەپ تۇرغان يەرگە سۇ يىغىلىپ قالغان بولسا، تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇماي، غۇسۇل قىلىپ بولۇپ سۇدىن چىققاندا پۇتىنى

www.munber.org

يۇيۇۋەتسە بولىدۇ. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن. ئاۋال بېشىغا، ئاندىن ئوڭ مۈرىسىگە ئۈچ قېتىم، ئاندىن سول مۈرىسىگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىدۇ ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يۇيىدۇ. كىندىكىنىڭ ئىچىنى ۋە قۇلىقىدىكى ھالقا سالىدىغان تۆشۈكلەرنىمۇ چالا قويماي يۇيىدۇ. چاچلىرىنى ئوبدان ئارىلاپ يۇيۇپ، سۇنى چاچنىڭ تېگىگە تولۇق ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر بەدىنىدە يارا بولۇپ، بۇ يارا دورا سۈرتۈپ ئۈستىدە داكا بىلەن تېڭىلغان بولسا، تېڭىقنى يېشىۋەتسە زىيانلىق بولسا، يەشمەي تۇرۇپ داكا ئۈستىدىن يۇيۇش كېرەك. ئەگەر داكىغا سۇ ئۆتۈپ كېتىشى زىيانلىق بولسا، ئۈستىدىن مەسھى قىلسا بولىدۇ. ئەگەر مەسھى قىلىشمۇ زىيانلىق بولسا، يارىغا تەگمەي، پەقەت تېڭىق لاتىسى داكا ئۈستىگىلا مەسھى قىلسا بولىدۇ.

## غۇسۇلنىڭ پايدىسى

بەدەننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق تېمپېراتۇرىسىنى مۆتىدىل قىلىدۇ. ئېلېكتېرلىق (تەگكۈزۈلگۈچىنى ساقلايدۇ) قان ئايلىنىشى ۋە قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرىدۇ. تېرىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ھاۋادىن نەپەسلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## غۇسۇل قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئەھۋاللار

ئاياللار ھەيز (ئادەت)، نىفاس كۆرسە، ئەرلەر جۇنۇب بولسا غۇسۇل قىلىش كېرەك. غۇسۇل قىلىۋاتقاندا سۇ ئايال كىشىنىڭ چېچىنىڭ تېگىگە ئۆتسە، ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى يەشمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆرۈلگەن چاچنىڭ باش تەرىپىدىكى ھۆل بولسىلا بولىدۇ. ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى يەشكەن بولسا چاچنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇش پەرزدۇر. غۇسۇل قىلىۋاتقاندا بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەرنى ئايلاندۇرۇش ۋە ئايال كىشىنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىلىرى يۇرۇشتۇرۇشى ۋاجىبتۇر.

دائىرىسى **45** ـ **50** كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان، سۇيى ئاقمايدىغان (سۇيى تۇرغۇن ھالەتتىكى) بىر كۆلدە يۇيۇنغان كىشى ئاغزى ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقىغاندىن كېيىن باشتىن ئايىغىغىچە سۇغا ئۈچ قېتىم چۈمۈلسە غۇسۇل قىلغان بولىدۇ. بىر كىشى ئېقىن سۇ ئىچىدە تۇرسا ھەرىكەت قىلمىسىمۇ تاھارەت ۋە غۇسلى سەھىھ (توغرا) بولىدۇ.

تىرناق ئىچىدە ياكى تىرناق ئۈستىدە چاپلىشىپ تۇرۇپ تىرناققا ياكى تىرىگە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان خېمىر، سىر خېنىسى قاتارلىق غۇسۇلنىڭ تولۇق بولۇشىغا تۇسالغۇلۇق قىلىدۇ.

## جۇنۇب كىشى قىلالمايدىغان ئىشلار

**1** ـ جۇنۇب، ھەيز كېلىۋاتقان ۋە نىفاس ھالىتىدىكى كىشى، مەسچىتكە كىرەلمەيدۇ.

**2** ـ قۇرئان ئوقۇيالمايدۇ.

**3** ـ قۇرئان كەرىمگە قول تەگكۈزەلمەيدۇ.

**4** ـ كەبىنى تاۋاپ قىلالمايدۇ.

www.munber.org

5 ـ نامازنى ئوقۇيالمايدۇ.

6 ـ روزا تۇتالمايدۇ.

## ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە ئەھۋاللار

ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ھەر ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر. بىلمەيدىغان ئاياللارغا ئەرلىرى ياكى تەربىيىلىگۈچىلىرى ئۆگەتىشى بولىدۇ.

1 ـ ئادەت، ھەيز: بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق ئايال كىشىدىن ھەيز كېلىش دەۋرى (45 ياش ياكى 50 ياشلار) غا قەدەر ھەر ئايدا مەلۇم كۈن بالىياتقۇدىن قان كېلىشى ھەيز ياكى ئادەت دەپ ئاتىلىدۇ.

قىزلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشتىكى دەسلەپكى مەزگىلى: قىزلار ئادەتتە يەتتە ياش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىن باشلاپ تۇنجى قېتىملىق ھەيز (قان) نى كۆرىدۇ. 15 ياشقا كىرگەن قىز تېخى ھەيز كۆرۈشكە باشلىمىغان بولسىمۇ شەرىئەت ھۆكمىدە بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

قىزنىڭ ئانىسى قىزى تېخى ھەيز كۆرۈشنى باشلىمىغان چاغدا قىزىغا ھەيز ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىپ، پسىخىك جەھەتتىن تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈشى ۋە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى قىزىغا ئۆگىتىشى لازىم. ياكى مۇشۇ تېمىدىكى كىتابتىن ئېلىپ قىزىغا سوۋغا قىلىش لازىم.

قىزنىڭ تۇنجى ھەيزىنىڭ مۇددىتىنى ئىنىقلاش: قىزلار دەسلەپ ھەيز كۆرگەندە قانچە كۈن قان كەلگەنلىكى، قانچە كۈندىن كېيىن توختىغانلىقىنى ياخشى بىلىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەيز مۇددىتى بولىدۇ.

ھەيز مۇددىتى: ئەڭ ئاز ئۈچ كۈن (72 سائەت)، ئەڭ ئۇزۇن 10 كۈن (240 سائەت) بولىدۇ. بۇ مۇددەت ئىچىدە قان پات ـ پات توختاپ قېلىشى مۇمكىن. توختاپ قالماي قان كېلىۋەرسە بىر ئاي ئىچىدە 10 كۈننى ھەيز مۇددىتى ھېسابلاپ ئىبادەت قىلمايدۇ. باشقا 20 كۈن پاكىزلىق مۇددىتى ھېسابلىنىپ قان كېلىپ تۇرسىمۇ ھەر ۋاقىت ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ ئىبادەتلىرىنى داۋام قىلىش كېرەك.

ھەيزنىڭ باشلىنىشى: قاننىڭ سىرتقا چىقىشى بىلەن باشلىنىدۇ. پاختا ياكى ئادەت لاتىسى ئىشلەتكەن بولسا بۇنىڭغا قان يۇقۇپ قالغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ ھەيز باشلانغان بولىدۇ. قان توختىغاندا ئاخىرلىشىدۇ.

پاكىزلىق مۇددىتى: ئىككى ھەيزنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئەڭ ئاز 15 كۈندۇر. ئارتۇقىنىڭ چېكى يوق. ھەيز كۆرىۋاتقان ئايال كىشى جۇنۇب كىشىگە ئوخشايدۇ. يېسە، ئىچسە، ئۇخلىسا، ئېرى بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولمىغان ھالدا بىر تۆشەكتە ياتسا، بالىسىنى ئېمىتسە بولىۋېرىدۇ. ھەيز كۆرىۋاتقان ئايال ناماز ئوقۇمايدۇ. روزا تۇتمايدۇ. تۇتالمىغان روزىسىنى كېيىن تولۇقلاپ تۇتىدۇ. ئوقۇيالمىغان نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. ھەيز كۆرىۋاتقان ئايال تازىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى خوشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ بەتبۇي پۇراقلارنى يوقىتىشى كېرەك.

نىفاس قېنى: بالا تۇغقان ياكى بالا چۈشۈپ كەتكەن (پارچە ـ پارچە گۆش ھالىتىدە چۈشۈپ كەتكەن) دىن كېيىن بالىياتقۇدىن كەلگەن قاندۇر.


www.munber.org

نېفاس مۇددىتى: ئەڭ ئاز مۇددىتى قان ئەڭ ئاز ئاققان ۋاقىتتۇر. ئەڭ ئېزى ھەتتا بىر سائەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرى **40** كۈندۇر. ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ بەك ئۇزۇن بولغىنى كېسەللىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ **40** كۈن ئىچىدە بەزەندە قان كېلىشى توختاپ قالسىمۇ، يەنە نېفاس كۆرۈۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. نېفاس كۆرۈۋاتقان ئاياللارمۇ ھەيز كۆرۈۋاتقان ئاياللارغا ئوخشاش ھۆكۈمدە، ھارام ۋە ھالال قىلىنغان ئىشلار ئوخشاش.

كېسەللىك قېنى: بالىياتقۇدىن ئەمەس، مەلۇم بىر تومۇردىن كېلىپ جىنسىي يول ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇراقسىز قاندۇر.

## تەسەتتۇر

تەسەتتۇر (سەتىر ئەۋرەت) نامەھرەم يەرلىرىنى يېپىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاتالغۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئاياللارنىڭ كىيىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.



ئاياللار كوچىدا نامەھرەم يەرلىرىنى كۆرسىتىپ ماڭغانسېرى ئىززەت - ھۆرمىتى شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ. يەنە كوچىلاردا ۋە يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا پەدازلىنىپ گىرىم قىلىپ يۈرگەنسېرى يۈزىدىكى ئىلاھىي نۇرمۇ شۇنچە ئازلايدۇ.

ھەنىيفە مەزھىپىنىڭ قارىشىچە:

كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنىڭ نامەھرەم بولىدىغان يەرلىرىگە قارىشى تۆت تۈرلۈكتۇر:

**1** - ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت يېرى: كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىسىدۇر. كۆپچىلىكنىڭ قارىشىچە تىز سۆڭىكىمۇ ئەۋرەت يەر دائىرىسىگە كىرىدۇ.



**2** - ئاياللارنىڭ ئاياللارغا قارىشى: ئەرلەرنىڭ ئەرلەرگە قارىغىنىغا ئوخشايدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان ئايالنىڭ بەدىنىنى ئەخلاقسىز بىر ئايالغا ئېچىپ كۆرسىتىشى توغرا ئەمەستۇر. مەيلى ئاممۇۋىي مۇنچىلاردا ياكى باشقا يەرلەردە بولسۇن تىزى بىلەن كىندىكىنىڭ ئارىسىدىكى يەرلىرىنى باشقا ئاياللارغا كۆرسىتىشى توغرا ئەمەس.

**3** - ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى: ئايال كىشى يات بىر ئەركىشىنىڭ كىندىكى بىلەن تىزى سىرتىدىكى يەرلىرىگە قاراپ سالسا گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما شۇ شەرت بىلەن بولۇشى كېرەككى: ھەم جىنسىي

www.munber.org

ھېسسىياتتا قارىماسلىقى ھەم قاراپ سالغاندا جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغىماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن قاراش توغرا بولمايدۇ.

4 ـ ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە قارىشى:

ئا: ئەركىشىنىڭ ئۆز ئايالىغا قارىشى ھالالدۇر. ھەممە يېرىنى كۆرسە بولىدۇ.

ب: ئەركىشى ئۆزىگە مەھرەم (دىنىدا توي قىلىشى چەكلەنگەن) ئاياللارغا قارىسا، ئەمما پەقەت تاشقى ۋە ئىچكى زىننەت يەرلىرى مەسىلەن: بىلەكلىرى، بويىنى، پۇتلىرى، قۇلاقلىرى، يۈزى ۋە بېشىغا قارىسا گۇناھ بولمايدۇ.

ت: ئەركىشى يات ھۆر ئايالىنىڭ تاشقى زىننەت يەرلىرى، يەنى قوللىرى ۋە يۈزىگە پەقەت ئېھتىياج پەيتىدە قارىسا بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ نا مەھرەم يەرلىرىنى يېپىشى بارلىق ئىلاھىي دىنلاردا ئەمر قىلىنغان. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ھۆكۈملەر ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئەسلى ھالىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان، شۇنداقتىمۇ بۇگۈنكى بۇزۇلغان ”تەۋرات“ ۋە ”ئىنجىل“ دە تەسەتتۇر (ئەۋرەت يەرلىرىنى يۆگەش، ئەمرى بار. كۈنىمىزدىكى خرىستىئان راھىبلىرى بۇ ئەمرگە بويسۇنۇپ نامەھرەم يەرلىرىنى ياپىدۇ).

ھەنەفىيلەرنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان ئايال كىشى ئەگەر پىتنە ـ پاساتلاردىن يىراق بولسا قولى ۋە يۈزىدىن باشقا پۇتۇن بەدىنىنى تولۇق يۆگىشى كېرەك. ئەگەر پىتنە ـ پاسات ۋە شەھۋەت قوزغاشقا سەۋەبچى بولۇپ قالغۇدەك بولسا يۈزىنى ئېچىپ يۈرىشىمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى بۇنىڭغا ئىشەنسە، ئەمما ئەمەل قىلمىسا گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئىنكار قىلسا ۋە ”بۇ دەۋردە چېچىنى يۆگەپ، ئۇزۇن كىيىم كىيىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق“ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھەددىدىن ئاشسا، ئىسلامغا نىسبەتەن دىنىدىن چىققان، ئىماندىن ئاجراپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. نىكاھىمۇ قالمايدۇ. ئىماندىن ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن تەۋبە قىلماي ئۆلگەن بۇنداق كىشىنىڭ جىنازا نامىزىمۇ ئوقۇلمايدۇ.

ئايەتتە بۇيرۇلغان تەسەتتۇرنىڭ بىر قانچە شەرتى بار. بۇ شەرتلەرگە رىيائە قىلغاندا، ئاندىن ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ:

1 ـ يېپىش: يۈز ۋە ئىككى قولدىن باشقا پۇتۇن بەدىنىنى يېپىش لازىم.

2 ـ كەيگەن كىيىم بەدىنىنىڭ رەڭگىنى كۆرسىتىدىغان دەرىجىدە نېپىز بولماسلىقى كېرەك.




3 ـ ئايال كىشى كەيگەن كىيىم ئەركىشىنىڭ كىيىمى بولماسلىقى ۋە ئەركىشىنىڭ كىيىمگىمۇ ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك. ئىشتانلار بەدەننىڭ شەكلىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ۋە ياش ئۆسمۈرلەرنى بۇزىدۇ.

4 ـ كەيگەن كىيىم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان

www.munber.org

دەرىجىدە زىنىنەتلەنگەن ۋە رەڭدار بولماسلىقى كېرەك.

5 ـ كىيىمدىن خۇشبۇي پۇراقلارنى كېلىپ تۇرغان بولماسلىقى كېرەك.

6 ـ كىيگەن كىيىم بەدەن شەكلىنى كۆرستىدىغان دەرىجىدە تار بولماسلىقى كېرەك. ئايال كىشىنىڭ بەدەن شەكلىنى چىقىرىپ تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشى هارامدۇر.

## ئەزان

تۆت قېتىم ئاللاهۇ ئەكبەر: ئاللاه ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

ئىككى قېتىم ئەشهەدۇ ئەنلا ئىلاهە ئىللاللاه: گۇۋاهلىق بېرىمەنكى، ئاللاه تىن باشق ئىلاه يوق.

ئىككى قېتىم ئەشهەدۇ ئەننە مۇهەممەد رەسۇلۇللاه: گۇۋاهلىق بېرىمەنكى، مۇهەممەد ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.



ئىككى قېتىم هايىيە ئەلەس ـ سالاه: نامازغا كېلىڭلار.

ئىككى قېتىم هايىيە ئالەل ـ فەلاه: نىجاتلىققا كېلىڭلار.

ئىككى قېتىم ئاللاهۇ ئەكبەر: ئاللاه ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

بىر قېتىم ئاللاه تىن باشقا ئىلاه يوق.

بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇغاندا" هايىيە ئەلەل ـ فەلاه" تىن كېيىن ئىككى قېتىم "ئەسسالاتۇ، خەيرۇن مىننەنەۋم" (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر) دېيىلىدۇ.

تەكبىر ئېيتقاندا: هايىيە ئالەل ـ فەلاه" تىن كېيىن ئىككى قېتىم (قاد قامەتتى ـ سالاه) (نامازغا باشلايمىز) دېيىلىدۇ. تەكبىر بىر ئاز تېز ئوقۇلىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئەزان يۇقىرى ئاۋازدا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

«الله أكْبَرُ الله أكْبَرُ، الله أكْبَرُ الله أكْبَرُ، أشْهَدُ أنْ لاإلٰهَ إلا الله، أشْهَدُ أنْ لاإلٰهَ إلا الله، أشْهَدُ أن مُحَمدًا رسُوْلُ الله، أشْهَدُ أن مُحَمدًا رسُوْلُ الله، حَى عَلَى الصلوٰةِ، حَى عَلَى الصلوٰةِ، حَى عَلَى الْفَلَاح، حَى عَلَى الْفَلَاح، الله أكْبَرُ الله أكْبَرُ، لَاإلٰهَ إلا الله»

بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇغاندا: "هەيىيە ئەلەلفالاه" تىن كېيىن ئىككى قېتىم "ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم" (ناماز ئۇيقىدىن ياخشىدۇر) دېيىلىدۇ.

قامەتتە (تەكبىردە) "هەيىيە ئەلەلفالاه" تىن كېيىن ئىككى قېتىم "قەدقامەتىسسالاه" (نامازغا باشلايمىز) دېيىلىدۇ. قامەت بىر ئاز تېز ئوقۇلىدۇ.

www.munber.org

# ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئاللاھۇممە رابىە ھازىھىدداۋەتتىتامىمەھ ۋەسسالاتىل قائىمەھ ئاتى سەيىيدىنا مۇھەممەدەنىل ۋەسىلەتە ۋەل فەزىلەتە ۋەددەرەجەتەررەفىئەتە ۋەبئەسھۇ ماقامەن مەھمۇدەنىللەزى ۋەئەدتەھ، ئىننەكە لاتۇخلىفۇل مىئاد.

مەنىسى: ئى ئاللاھ! بۇ تولۇق دەۋەت (ئوقۇلغان ئەزان) نىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى رەببىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەسىلە (ماقام) پەزىلەت ۋە ئالىي دەرىجە ئېھسان قىل ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان (ماقامى مەھمۇدقا) يەتكۈز. شۈبھىسىزكى، سەن ۋەدەڭدە تۇرغۇچىدۇرسەن.

# ئەزان دېگەن نېمە؟ ئەزان مۇسۇلمانلارغا نېمىلەرنى خاتىرىلىتىدۇ؟

بۈگۈن ئىسلام دىيارلىرىدا مۇئەززىنلەر كۈندە بەش ۋاخ تەكرارلاپ تۇرىۋاتقان ئەزاندىكى كەلىمە ـ تەۋھىد ۋە كەلىمە شاھادەت سۆزى بىر قۇلاقتىن كىرىپ، يەنە بىر قۇلاقتىن چىقىۋاتىدۇ ۋەيا پاختا تىقىپ قويغان قۇلاقلارغا ئۈسسۈپ ئارقىغا يېنىۋاتىدۇ. كىشىلەردە جانلىقلىقتىن ئەسەر يوق. چۈنكى كۆپ ساندىكى ئەزان ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئەزاننىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ، روھىنى بىلمەيدۇ. ئەزاننى ئاڭلىغۇچىمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئەزان: ئىنسانلار بەندىلەرگە قۇللۇق قىلىشتىن ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا چاقىرغان ئىلاھىي چاقىرىق ۋە دەۋەتتۇر.

ئەزان: قۇياش، دۇنيا ۋە كائىناتنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكىتى بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەر سائەتتە نىجاتلىققا، ھىدايەتكە چاقىرىدۇ.

ئەزان: باي ـ نامرات، قىزىل ـ قارا، ئەر ـ ئايال، خوجايىن ـ قۇل، ئەمەلدار، ئىشچى... رەڭ، ئىرق، مىللەت ۋە جوغراپىيىۋي ئورۇن جەھەتتە ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماي، ھەممە كىشىنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا گويا تاغاقنىڭ چىشلىرىدەك تەكشى، ئادىل ۋە باراۋەر ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئىلاھىي دەۋەتتۇر.

”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ باشلانغان ئەزان كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە ھۆكۈمدارى ئۇلۇغ ئاللاھنى تۆت قېتىم ”ئەڭ ئۇلۇغدۇر“ دەپ پۈتۈن دۇنيا ئېلان قىلىدۇ.

”ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللاللاھ“ كائىناتنىڭ نىزامىنى باشقۇرىۋاتقان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار يوق ئىكەنلىكىنى ئۆيلىدىم. چۈشەندىم، قەلبىمدە قوبۇل قىلدىم، تىلىمدا سۆزلەۋاتىمەن ۋە گۇۋاھلىق بېرىمەن. كۆڭلۈمدە پۈتلاشتۇرغان ۋە ئىلاھلاشتۇرغان ماقام (ئەمەل ـ مەنسەپ)، پۇل ـ مال، ئايال كىشى قاتارلىق ئىلاھلارنى ”لا“ (ياق) دەپ ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىلاھلاردىن پاكىزلىغان قەلبىمنى، ئوي ـ پىكرىمنى، روھىمنى، بەدىنىمنى قولۇمنى ”ئىللاللاھ“ (ئاللاھ



www.munber.org

ئۆچۈن) دەپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرىمەن. ئاللاھتىن باشقا ھەرتۈرلۈك ئىلاھلارغا ياق دەيمەن...

"ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ" بۇتلاردىن ۋە ئىلاھلاردىن پاكىزلىغان قەلبىمگە يەرلەشتۈرگەن ئاللاھقا قانداق ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشنى، ئاللاھنىڭ مۇكەممەل قانۇنلىرىغا قانداق بويسۇنۇشنى ماڭا ئۈلگە بولۇپ كۆرسەتكەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ مەن ئىزىدىن مېڭىشقا تېگىشلىك يېگانە رەھبەر يول كۆرسەتكۈچىدۇر...

"ھەييە ئەلەسسالاھ": قېنى نامازغا كېلىڭلار، ئىبادەتكە كېلىڭلار، بۇت ھەيكەللەرنى چېقىپ تاشلاپ ئاللاھقا يۈكۈرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، ئاللاھقا ئىبادەت ۋە قۇللۇق قىلىشقا كېلىڭلار!...

ئەڭ شەرەپلىك يېرىمىز ھېسابلانغان پېشانىمىزنى قۇللۇق ۋە شۈكۈرنىڭ ئىپادىسى بولغان تۇپراققا تەككۈزۈپ سەجدە قىلايلى!...

"ھەييە ئەلەلفالاھ": نىجاتلىققا كېلىڭلار! ئىنسانلار نىجاتلىق كۈرشىگە قاتنىشىڭلار!

"ئاللاھۇ ئەكبەر": ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. بۇنى ئۇنۇتما ۋە باشقىلاردىن ھەرگىز قورقما!...

"لائىلاھە ئىللاللاھ": يەنە بارلىق بۇتلارغا ۋە ئىلاھلارغا ياق دەيمەن، پەقەت ئاللاھقىلا ماقۇل دەيمەن!...

ناماز ئوقۇۋاتقان، خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋە ئاڭلاۋاتقان، دەرس ئوقۇۋاتقان، تاماق يەۋاتقان، ھاجەتخانىدا تەرەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ۋە ھەيز ياكى نىپاس كۆرىۋاتقان ئاياللار مۇئەززىننىڭ سۆزىنى تەكرارلىمايدۇ. بۇندىن باشقا كىشىلەر ئەزان ئاڭلىغان ھامان "قۇرئان" ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ توختاپ مۇئەززىن ئوقۇغان ئەزاننى ئوخشاش تەكرارلايدۇ.


بۇ ئەزاننىڭ چاقىرىقى ۋە كەلىمەئى تەۋھىدكە ئىشىنىپ، ئۇنى چىرايلىقچە قوبۇل قىلغان ھەرقانداق كىشى ئىسلام جامائەتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئەزا بولغان ئۇيۇشما ـ مەسچىتلەردۇر. بۇ جامائەت ئىرق ۋە سىنىپ (تەبىقە) ئايرىمچىلىقى يوق. پەقەت ئىسلام قېرىنداشلىقلار بار...

دۇنياغا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئەزان ئوقۇش ئارقىلىق، بۇ بوۋاقنىڭ كەلگۈسى دۇنيا ھاياتىدا ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئىشەنمەسلىكى تاپىلانماقتا. ئەلمىساق (قالۇبەلا) دا ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسى دۇنياغا تۇغۇلۇش بىلەنلا قولىقىغا ئوقۇلغان ئەزان بىلەن تەكرار يادىغا كەلتۈرۈلمەكتە ۋە ئاگاھلاندۇرۇلماقتا...

## ئەزان ئاۋازى

[شېئىر]

سايرىتىدۇ بۇلبۇللارنى،
گۈل شېخىدا ئەزان ئاۋازى.
جانلاندۇرار كۆڭۈللەرنى،
ھەق يولىدا ئەزان ئاۋازى.



www.munber.org

بەش ۋاقىتتا مۇنارلاردىن،
ئەرشكە چىقار ئەزان ئاۋازى.
ئويلىدىڭمۇ نېمىشقا ئەجەپ؟
دىلغا ئاقار ئەزان ئاۋازى.

ئەزان بىلەن ئۆركەشلەر ياساپ،
دولقۇنلايدۇ ئىمانلىرىمىز.
ئەزان بىلەن بالاي پەقەت،
پاكلىنىدۇ ۋىجدانلىرىمىز.

مۆمىنلەرگە هايات بېرىدۇ،
بۇ مۇبارەك ئەزان ئاۋازى.

**هېكايە:**

## ئاللاھ بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟

ئەهمەت باغدا ئوت ئېلىۋاتقان دادىسىغا ياردەم قىلىۋاتاتتى، دادىسى:

- ئوغلۇم! ماڭا بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ بەرگىن! دېدى.

دادىسى سۇ ئىچىۋاتقاندا ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

- رەهمەت! ئەهمەت، سەن مەن تەلەپ قىلغاننى قىلدىڭ، قارا ئەمدى ئاللاھ بىزدىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دېدى، دادىسى.

ئەهمەت هەيران بولۇپ دادىسىغا قارىدى:

- ئاللاھ بىزدىن بىر ئىشمۇ تەلەپ قىلامدۇ، دادا؟

- شۇنداق، ئوغلۇم.

- ئەمما مەن هېچ ئاڭلىمىدىمغۇ؟

- ئەزاننى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

- هەئە، ئاڭلىدىم لېكىن...

www.munber.org

- ئاللاھ بىزدىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى خىلمۇخىل ئۇسۇلدا ئاگىلىتىدۇ، ئوغلۇم! مەسىلەن: بىر ئەزان ئاۋازى مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ”ناماز ئوقۇڭ“ دېگەن بۇيرۇقنى ئەسلىتىدۇ. ھەر ناماز ۋاقتىدا بۇ بۇيرۇقنى ئاگىلىغاندەك بولىمىز.



# ناماز

## نامازنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر

قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتتە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾ [سۈرە ئەنكەبۇت 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى]



ھەدىس شەرىپتە: «ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر، نامازنى تەرك قىلغان كىشى دىنىغا قەست قىلغان بولىدۇ...»، «ناماز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى لىقمۇلىق سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدە ھەركۈنى بەش قېتىم يۇيۇنغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئېيتىڭلارچۇ بۇ كىشىدە كىر قالامدۇ؟ ساھابىلەر: ياق، كىر قالمايدۇ،

www.munber.org

دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «سۇ كىرلەرنى تازىلىغاندەك، بەش ۋاخ نامازمۇ كىشىنى گۇناھلىرىدىن تازىلايدۇ» دېگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك بالىلىرىغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا، ئۇرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە بالىلىرىڭلارنىڭ ئورنىنى ئايرىۋېتىڭلار.» يەنى باللار ئون ياشقا كىرگەندە ناچار ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايرىم ئورۇندا ياتقۇزۇش كېرەك. ناماز ئوقۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

## ناماز ئوقۇماسلىقنىڭ جازاسى



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ھەدىس شەرىپتە:

«ناماز ئوقۇمىغان كىشى كۆپرى بىلەن شېرىك ئارىسىدا تۇرىدۇ. يەنى ناماز ئوقۇماسلىق كۇفرىگە كېتىدىغان بىر يولدۇر. ناماز ئوقۇماسلىقتا دىنسىزلىققا تۇتىشىدىغان بىر يول بار» دېگەن.

مۇسۇلمانلار نامازنى تەرك قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا كېسەل كىشىلەرنىڭمۇ نامازنى تاشلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان، ئۆرە تۇرالمايدىغانلار ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ئولتۇرالمايدىغانلار ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ئىسلامدا ھەتتا ناماز ئۇرۇش جەريانىدىمۇ تەرك قىلىنمىغان.

ناماز ئوقۇلماسلىقنىڭ جازاسى بار بولغاندەك، نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇماسلىقنىڭمۇ ئېغىر جازاسى بار. نامازنى جايىدا ئوقۇمىغانلار، ئىمامدىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلغانلار، رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئۆلچەملىك تۇرمىغانلار... قاتارلىقلاردۇر.

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى ئوغرى ـ ئۆزىنىڭ نامىزىدىن ئوغرىلىغان ئوغرىدۇر (نامىزىنى تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ئوقۇمىغان كىشىدۇر)».



## خەلپىنى يىغلاتقان بالا

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى. قۇياش پۈتۈن ئىسسىقلىقىنى چۆلگە بەرگەندەك، تومۇز ئىسسىق ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قايناتقۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ھەممە كىشى سايە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا دەم ئېلىۋاتقان بىر چاغدا، ناماز ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان خەلپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ، ئاستا مېڭىپ مەسچىتكە كېتىۋاتاتتى.


خەلپە تېز ـ تېز مېڭىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بالىنى

www.munber.org

كۆردى. بۇ بالىنىڭ ئالدىراپ مېڭىشىدا بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بالىنىڭ بىر قىينىچىلىقى بارمۇ ـ يا؟ ئەگەر قىينىچىلىقى بولسا، بۇنى ھەل قىلىش خەلپىنىڭ ۋەزىپىسى، شۇڭا خەلپە ئۆمەر ئۇ بالىدىن.

ـ بالام، نەگە شۇنچە ئالدىراپ ماڭدىڭ؟ دەپ سورىدى. بالا خەلپىنى تونۇمايتتى:

ـ مەسچىتكە كېتىۋاتىمەن تاغا، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بالا. خەلپە ھەيران بولدى. بۇ بالا تېخى كىچىك ئىدى، ئەمما چوڭ ئادەملەردەك گەپ قىلىۋاتاتتى.



ـ بالام، سېنىڭ تېخى يېشىڭ كىچىك، ناماز ساڭا پەرز ئەمەس، نېمىشقا بۇنچە ئالدىراپ كېتىسەن؟ دېدى خەلپە، بالا خەلپەگە قاراپ:

ـ تاغا! بۇ ئىشنىڭ كىچىكى ـ چوڭى بارمۇ؟ تۈنۈگۈن مەھەللىمىزدە يېشى مەندىن كىچىك بىر بالا ئۆلدى، ئۆلۈم چوڭ ـ كىچىك دېمەيدىكەن، ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇرۇش لازىم. بۇ يېشىمدا نامازغا ئادەتلەنمىسەم، كېيىن ئوقۇش تەس كېلىشى مۇمكىن، دېدى.

خەلپىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئاغزىدىن شۇ جۈملىلەر چىقتى: ”يارەببىي! بۇ نېمدېگەن ئەقىللىق، ياخشى بالا ـ ھە! ئۇ چوڭلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئاڭغا ئىگە ئىكەن“.

## ناماز ئوقۇغان باياۋاندا ئازماس

ناماز باياۋاندا ئازماس، ئوقۇش كېرەك ھەركۈن ناماز،
نامىزنى مۇسۇلمان بىر كۈنمۇ كەينىگە قويماس.

بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن بەش ۋاقىت،
نامازغا تۇر، ئىچىڭدىكى پۈتۈن كىرلەرنى ئېقىت!

ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئىچىگە نۇرلار كۆچەر،
ناماز ئوقۇمىغاننىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ئۆچەر.

ناماز دېمەك ـ بىرىنچى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا،

www.munber.org

ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىپ ئېرىشىشتۇر نۇرىغا.

تاھارەت پاكىزلار، پاكىز بول كىچىك چاغدا،
تازىلىقتا ئادەتلىنىش لازىمدۇر كىچىك چاغدا.

پاكىز بولغان ساق بولۇر، كېسەللىكتىن قۇتۇلۇر،
ساغلام ياشار ۋە كۈلەر، كىمكى پاكىزە بولۇر.

## بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ۋە رەكئەت سانى

**1** ـ بامدات نامىزى: ۋاقتى، تاڭ يورىغاندىن كۈن چىققۇچە، جەمئىي تۆت رەكئەت. ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئىككى رەكئەت پەرز.

**2** ـ پېشىن نامىزى: ۋاقتى چۈشتە كۈن قايرىلغاندىن ئەسىر ناماز ۋاقتىغىچە جەمئى **10** رەكئەت، تۆت رەكئەت سۈننەت، تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

**3** ـ ئەسر نامىزى: ۋاقتى ھەرقانداق نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىراپ شۇ نەرسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولغاندا، جەمئىي تۆت رەكئەت.

**4** ـ ناماز شام: ۋاقتى كۈن ئولتۇرغاندىن باشلاپ قىزىللىق يوقالغىچە، جەمئىي بەش رەكئەت. ئۈچ رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت.

**5** ـ خۇپتەن نامىزى: ۋاقتى ناماز شام ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن باشلىنىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە داۋاملىشىدۇ. جەمئىي توققۇز رەكئەتتۇر. تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ۋاجىپ.

ۋىتىر نامىزى: ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ بۇ ناماز ھەمىشە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئارقىدىن ئوقۇلىدۇ.

پەرز نامازلار: ئاللاھ ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان نامازلار.

سۈننەت نامازلار: پەيغەمبىرىمىز بۇيرىغان ۋە تەۋسىيە قىلغان نامازلار.

ۋاجىپ نامازلار: پەرز بىلەن سۈننەت ئارىسىدىكى مەرتىۋىدىكى نامازلار.

نەپلە نامازلار: ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازلار.

www.munber.org

# ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار

1 ـ كۈن چىقىۋاتقان چاغ: بامدات نامىزىنى كۈن چىقىۋاتقاندا ئوقۇشقا بولمايدۇ. كۈن چىقىشتىن 45 مىنۇت كېيىن ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.



2 ـ زاۋال ۋاقتى: يەنى چىڭ چۈشتە كۈن تىكلەنگەن ۋاقىت.

3 ـ غۇرۇب ۋاقتى: كۈن پېتىۋاتقان چاغ. ناماز شام ئەزىنىدىن ئىلگىرى، ئەمما كۈن پېتىۋاتقاندا شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

## بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى

1 ـ تاھارەت ئېلىپ قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ، تىك ئۆرە تۇرۇپ مۇنداق نىيەت قىلىمىز:

"نىيەت قىلدىم، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى ئوقۇشقا" ياكى پەرزنى ئوقۇماقچى بولسا "پەرزىنى" دەپ نىيەت قىلىمىز.

ناماز‌دا ئۆرە تۇرۇش ۋە نىيەت قىلىش:






1 ـ رەكئەتنى باشلىغاندا بەدەن تۈز تۇرۇشى، كۆزلەر سەجدە قىلىدىغان يەرگە تىكىلىشى، ئىككى پۇت ئارىسىدا تۆت بارماق پاتقۇدەك ئارلىق بولۇشى كېرەك.

www.munber.org

## تەكبىر:





2 ـ نىيەت قىلغاندىن كېيىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ قوللار قۇلاقنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئۇستىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ. قولنىڭ ئالقىنى قىبلىگە قارايدۇ. ئاندىن قوللار قۇلاقتىن پەسكە چۈشۈرۈلۈپ كىندىكنىڭ ئۇستىدا (قول باغلاپ) تۇتۇلىدۇ.

ئاياللار قولىنى بارمىقىنىڭ ئۇچى ئېگىكىگە ـ تەككۇدەك دەرىجىدە مۈرىسىگىچە ئېگىزلىكتە كۆتىرىدۇ ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ.

قىيام ۋە قىرائەت قىلىش:

3 ـ تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن، ئوڭ قول سول قولنىڭ ئۇستىگە قويۇلىدۇ. ئوڭ قولنىڭ باش بارمىقى بىلەن كىچىك بارماق (چىمچىلاق بارمىقى) سول بىلەكنىڭ ئۇستىدىن ھالقا بولغۇدەك تۇتىدۇ.

ئاياللار تەكبىردىن كېيىن بارماقلىرىنى يۇمۇپ قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۇستىگە قويىدۇ.

4 ـ ئىككى قولنى كۆكسىدە باغلاپ تۇتقاندىن كېيىن ئىنتايىن پەس ئاۋازدا ئوقۇيدۇ.

”سۇبھانەكە“ مۇنداق ئوقۇلىدۇ:

”سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبى ھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋەتائالا جەددۇكە، ۋەلائىلاھە غەيرۇك“





5 ـ ئاندىن ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دەپ ”سۈرە فاتىھە“ نى ئوقۇيدۇ.

﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَـٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ۝٥ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ ﴾ ئاندىن قىسقا بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

6 ـ رۇكۇ: قۇرئان (فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇش) ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ رۇكۇ قىلىمىز (ئېگىلىمىز). رۇكۇدا باش بىلەن سۆڭگەچ ئوخشاش ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. بەل تۈز تۇرىدۇ. كۆز پۇتنىڭ ئۇچىغا قارايدۇ. تىز

www.munber.org



ئىگىلمەي تۈز تۇرىدۇ. قوللار تىزنى تۇتىدۇ. رۇكۇدا ”سۇبھانە رابىبىيەلئەزىم“ دېيىلىدۇ. بۇ تەسبىھنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇشقا بولىدۇ. ئاياللار بولسا رۇكۇدا (ئەرلەرگە قارىغاندا) ئازىراق ئىگىلىدۇ. بارماقلىرىنى ھەم تۇتىدۇ ۋە تىزنى ئازىراق ئىگىدۇ. قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىدە تۈز تۇتىدۇ.



7 ـ قاۋمە: رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىنكى تىك تۇرۇش.

8 ـ رۇكۇدىن تۇرىۋاتقاندا ”سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ“ دەپ تۇرغاندىن كېيىن ”رابىبەنا لەكەل ھەمد“ دېيىلىدۇ. مۇشۇنداق تىك ھالەتتە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ سەجدىگە بارىمىز.






9 ـ سەجدە: ئىگىلگەندە تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن تىز، ئاندىن قول، ئەڭ ئاخىرىدا قولنىڭ بارماقلىرى ھەم ھالدا، قول يۈزنىڭ يېنىغا قويۇلىدۇ. پۇتلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ ۋە پۇتنىڭ ئۇچچى يەرگە چىڭ تېگىپ تۇرىدۇ. قول ۋە پۇتنىڭ بارماقلىرى قىبلىگە قارايدۇ. ئىككى تىز قورساقتىن يىراق تۇرىدۇ. قولنىڭ جەينىكى يەرگە تەگمەيدۇ ۋە قورساق بىلەنمۇ تېگىشىپ تۇرمايدۇ.

ئاياللار سەجدىدە قولنىڭ جەينەكلىرىنى يەرگە قويىدۇ ۋە يۈتىسىنى ئاچمايدۇ. سەجدە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رابىبىيەل ئەئلا“ دېيىلىدۇ. سەجدىدە ئەرلەر پۇتنى تىكلەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.





www.munber.org



10 ـ ئاندىن سەجدىدىن ”سۇبھانە رابىبىيەلئەئلا“ دەپ باشنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇش ”جەلەسە“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئولتۇرغاندا سول پۇتىمىز ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمىز. ئوڭ پۇتىمىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئاستىدىن يەرگە تەككۈزۈپ ياندا قويىمىز. قوللىرىمىزنى تىزىمىزنىڭ ئۈستىدە قويىمىز. ئىككى سەجدە ئارىلىقدا ”ئاللاھۇممەغفىرلى ۋەرھەمنى ۋەئافنى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى“ دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز.



ئاياللار ئولتۇرغاندا ئوڭ پۇتنى يانغا تىرەپ ئولتۇرمايدۇ. ھەر ئىككى پۇتنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ



ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ. يەنە ئۈچ قېتىم سەجدە ”سۇبھانە رابىبىيەل ئەئلا“ دېيىلىدۇ.

## ئىككىنچى رەكئەت.





”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ (تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن پىشانىسى، ئاندىن قوللىرى، ئاخىرىدا تىزىنى كۆتۈرۈپ) ئولتۇرمايلا ئۆرە تۇرۇپ ئىككىنچى رەكئەتنى باشلايدۇ. قوللىرىنى يەنە كىندىكىنىڭ ئۈستىدە قايتا (باغلاپ) تۇتۇپ تىك (قىيامدا) تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئىتى تۈگىدى. ئىككىنچى رەكئەت باشلاندى.



ئىككىنچى رەكئەتتە قىيام (ئۆرە تۇرۇش) ۋە قىرائەت



قوللار

ئايەت

ئىككىنچى رەكئەتتە ”سۇبھانەكە“ ئوقۇلمايدۇ، باغلانغاندىن كېيىن ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دېيىلىدۇ. ئاندىن بىرىنچى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش فاتىھە سۈرىسى ۋە باشقا بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئوقۇلىدۇ

## رۇكۇ

12 ـ ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ رۇكۇغا

www.munber.org





ئىگىلىمىز. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەلئەزىم“ دېيىلىدۇ. ”سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە“ دېگەچ رۇكۇدىن تۇرىمىز ”رەببىنا لەكەل ھەمد“ دېگەندىن كېيىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ سەجدىگە بارىمىز.

ئاياللار رۇكۇدا (ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا) ئازراق ئىگىلىدۇ. قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە ھەم - يېقىن تۇتىدۇ. تىزلىرىنى ئازىراق ئىگىلىدۇ. قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە تۈز قويىدۇ.

### سەجدە





13 - سەجدىدە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا“ دەپ، ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىمىز. ئاندىن يەنە ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ ئىككىنچى سەجدىگە بارىمىز ۋە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا“ دەپ، ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتىرىمىز.

ئاياللار سەجدىدە جەينەكلىرىنى يەرگە قويىدۇ ۋە ئىككى پاچىقىنى ھەم تۇتىدۇ.

## ”ئەتتاھىياتۇ“ دا ئولتۇرۇش





سەجدىدىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ تۇرغاندىن كېيىن ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇش ”ئاخىرقى ئولتۇرۇشە“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرلەر ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەيدۇ. سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. قول ئىختىيارى ھالدا تىزنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ. كۆزلەر يەرگە قارايدۇ ۋە ”ئەتتە ھىيياتۇ“ دۇئاسى ئوقۇلىدۇ.

www.munber.org

ئايالارنىڭ ئولتۇرۇش شەكلى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئايالار ئىككى پۇتىنى سول تەرەپكە چىقىرىپ، سول پاچىقى ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. قوللىرىنى تۈز (بارماقلارنى ھەم) تۇتۇپ تىزىنىڭ ئۈستىدە قويىدۇ.



التحِياتُ لِلهِ، وَالصلَوَاتُ، وَالطيبَاتُ، السلاَمُ عَلَيْكَ أَيهَا النبِي وَرَحْمَةُ الله وَبَرَكَاتُهُ، السلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ الله الصالِحِينَ. وَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلا الله وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ

"ئەتتەھىييات لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ ئەسسالامۇئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ ئەسسالامۇئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھ".

ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا "ئەتتەھىيياتۇ" دۇئاسىدىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇرۇت ۋە دۇئالار ئوقۇلىدۇ؛

اللهم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا صَلَيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ،

"ئاللاھۇممە سەللىئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇممەجىيد"

اللهم بَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

"ئاللاھۇممە بارىكئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇممەجىيد" نى ئارقىدىن





رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ

"رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار"



14 ـ يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشنى ئوڭ تەرەپكە قارىتىپ، كۆزلەر ئوڭ مۈرىگە قارىغان ھالدا "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ" دەيمىز ئاندىن باشنى سول تەرەپكە قارىتىپ، كۆزلەر سول مۈرىگە قارىغان ھالدا "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ" دەيمىز.

www.munber.org

شۇنداق قىلىپ، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى ياكى پەرزىنى ئوقۇپ بولدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازلاردىن كېيىن:

أَسْتَغْفِرُ الله وَأَتُوبُ إِلَيْـهِ ”ئەستەغفىرۇللاھەلئەلىيەلئەزىم ۋەئەتۇبۇ ئىلەيك“ دېيىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى ”ئى ئەزەمەتلىك ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن ۋە سېنىڭ تەرىپىڭگە قايتىمەن“ دېگەنلىكتۇر.

نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە تەسبىھلەر:

اللهم أَنْتَ السلاَمُ وَمِنْكَ السلاَمُ تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ ”ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋەمىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجەلالى ۋەلئىكرام“ نى ئۈچ قېتىم ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ دېيىش.

(ئاللاھۇممە سەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى سەييىدىنا مۇھەممەد) ئاۋاز چىقارماي ئىچىمىزدە ئوقۇيمىز. سُبْحَانَ الله وَالْحَمْدُ لِلهِ وَ الله أَكْبَرُ ”سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر“ لا حولة و لَا قُوةَ إِلَا بِالله الْعَلِي الْعَظِيمُ ” ۋەلاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىيىلئەزىم“

ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ۋەلاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىيىلئەزىم“ بۇ دۇئادىن كېيىن ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دەپ باشلاپ ”ئايەتەلكۇرسى“ ئوقۇلىدۇ. ئاندىن تۆۋەندىكى تەسبىھ دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ:

| تەسبىھلەر | قېتىم سانى | مەنىسى: |
| --- | --- | --- |
| سۇبھانەللاھ سُبْحَانَ الله | 33 | ئاللاھ پاكتۇر |
| ئەلھەمدۇلىللاھ وَالْحَمْدُ لِلهِ | 33 | جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر |
| ئاللاھۇ ئەكبەر الله أَكْبَرُ | 33 | ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر |

سُبْحَانَ الله وَالْحَمْـدُ لِلـهِ الله أَكْبَـرُ ”سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر“ ھەربىرى 33 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

الله لاَإله إلا الله وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يحي ويميت وَهُوَ عَلَى كُلِ شَيْءٍ قَدِيرٌ ”ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھيى ۋەيۇمىيتۇ ۋەھۇۋە ئەلاكۇللى شەيئىن قەدىر“.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ”كىم ھەرۋاخ نامازدىن كېيىن 33 قېتىم سۇبھانالالاھ، 33 قېتىم ئەلھەمدۇلىللاھ، 33 قېتىم ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاندىن الله لاَإله إلا الله حْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يحي ويميت وَهُوَ عَلَى كُلِ شَيْءٍ قَدِيرٌ ”ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ

www.munber.org

يۇھيى ۋەيۇميتۇ ۋەھۇۋە ئەلاكۇللى شەيئىن قەدىر“ دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ.



# نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئومۇمىي دۇئا

”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، ساھابىلىرىگە سالاملار بولسۇن، بىز ئاللاھقىلا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا تەۋبە قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئاخىرەتتە مۆمىنلەرنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

ئى رەببىم! ئوقۇغان نامازلىرىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى (گەرچە يېتەرسىز بولۇپ قالغان بولسىمۇ) قوبۇل قىلغىن!

ئى رەببىم! گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن! بىزگە شەپقەت قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە كىرگۈزگىن ۋە دوزاخ ئوتىدىن يىراق قىلغىن،



ئى رەببىم! سەن رازى بولىدىغان بارلىق ئىشلاردا بىزنى مۇۋەپپىقەتلىك قىلغىن.

ئى رەببىم! ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغىن، ئى رەببىم! كاپىرلىقتىن، شېرىكتىن، نامراتلىقتىن، قەۋرە ئازابىدىن بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا.

ئى رەببىم! سەندىن ئۇزۇن ئۆمۈر، پايدىلىق ئىلىم، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنى تىلەيمەن (بۇ چاغدا تىلەيدىغان يەنە قانداق ئارزۇ ئارمانلىرى بولسا ئۇنى ئاللاھدىن تىلىسە بولىدۇ.)

ئى رەببىم! ھېساب كۈنى مېنى، ئاتا - ئانامنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنى رەھىم - شەپقەتلىك بىلەن مۇھاپىزەت قىل، ئى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىلاھىم! ئامىن، ئى رەببىم! دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن!

ۋە بۇنىڭدىن باشقا خالىغان ياخشىلىقلارنى تىلەپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ دۇئارىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

نامازدا دېيىلىدىغان كەلىمىلەر ۋە دۇئالارنىڭ مەنىسى:

ئاللاھۇ ئەكبەر: ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

ئەلھەمدۇلىللاھ: جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر.

www.munber.org

سۇبهاناللاھ: ئاللاھ پۈتۈن نوقسان ـ كەمچىلىكتىن پاكتۇر.

سۇبهانە رەببىيەلئەزىم: بۈيۈك ،ئۇلۇغ ئاللاھ بارلىق نوقسانلاردىن پاكتۇر.

سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە: ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ ھەمدۇسانالىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

رەببانا لەكەلھەمد: رابىمىز، ھەمدۇسانا (شۈكۈر) ساڭىلا ئائىتتۇر.

سۇبهانە راببىيەلئەئلا: ئۇلۇغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەببىم بارلىق نوقسانلاردىن پاكتۇر.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ: سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالىمى ۋە رەھمىتى (مېھىر ـ شەپقىتى) كەلسۇن.

# پىشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

پىشىن نامىزى **10** رەكئەت بولۇپ. دەسلەپتە تۆت رەكئەت سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، ئاخىرىدا ئىككى رەكئەت (ئاخىرقى) سۈننەت. پىشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى: تۆت رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن پىشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا“ دەپ، خۇددى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدەكلا ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ، ”ئەتتەھىيياتۇ“ نى ئوقۇيمىز. ئاندىن باشقا دۇئالارنى ئوقۇمايلا ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەچ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتنى ئوقۇشقا باشلايمىز. ئۈچىنچى رەكئەتكە پەقەت ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دەپ باشلايمىز. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەرنىمۇ خۇددى ئالدىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رەكئەتكە ئوخشاشلا ”سۈرە فاتىھە“ ۋە بىر سۈرە ئوقۇغاندىن كېيىن ئولتۇرىمىز ”ئەتتەھىيياتۇ“، ”ئاللاھۇممە سەللى ئەلا“، ”ئاللاھۇممە بارىك ئەلا“ ۋە ”راببىنا ئاتىنا“ دۇئالىرىنى ئاخىرغا قەدەر ئوقۇپ، ئاندىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىمىز.

پىشىن نامىزىنىڭ پەرزى: تۆت رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن پىشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز. پىشىن نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشايدۇ. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەردە پەقەت ”سۈرە فاتىھە“ ئوقۇلىدۇ. باشقا بىر سۈرە ياكى ئايەت ئوقۇلمايدۇ.







www.munber.org

| بىرىنچى رەكئەت | ئىككىنچى رەكئەت | ئارىلىقتىكى ئولتۇرۇش | ئۈچۈنچى رەكئەت | تۆتىنچى رەكئەت | ئاخىرقى ئولتۇرۇش |
|---|---|---|---|---|---|
| تەكبىر (ئەرلەر ئۈچۈن) | بىسمىللاھ | ئەتتاھىيياتۇ | بىسمىللاھ | بىسمىللاھ | |
| نىيەت | فاتىھە | | پەقەت سۈرە فاتىھە | فاتىھە | |
| تەكبىر | بىر سۈرە | | رۇكۇ | رۇكۇ | |
| سۇبھانەكە | رۇكۇ | | سەجدە | سەجدە | |
| ئەئۇزۇ ـ بىسمىللاھ | سەجدە | | | | ئەتتاھىيياتۇ |
| فاتىھە | | | | | ئاللاھۇممە سەللى ئەلا |
| بىر سۈرە | | | | | ئاللاھۇممە بارىك ئەلا |
| رۇكۇ | | | | | رەببىنا |
| سەجدە | | | | | سالام |

www.munber.org

ئەسكەرتىش: پېشىن نامىزى، ئەسىر نامىزى ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزى ئوخشاش شەكىلدە ئوقۇلىدۇ.

پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى ئىككى رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز.

ئەسكەرتىش: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشىغا ئوخشايدۇ. تەپسىلىي بىلمەكچى بولسىڭىز بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشىغا قاراڭ. ناماز شامنىڭ سۈننىتى ۋە خۇپتەن نامازىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتمۇ ئوخشاش مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇلىدۇ.

## ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئەسىر نامىزى تۆت رەكئەت پەرزدۇر.

ئەسر نامىزىنىڭ پەرزى: تۆت رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەسىر نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز. پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇيمىز.

## ناماز شامنىڭ ئوقۇلۇشى

ناماز شام بەش رەكئەتتۇر: ئۈچ رەكئەتى پەرز، ئىككى رەكئەتى سۈننەتتۇر.

ناماز شامنىڭ پەرزى: ئۈچ رەكئەتتۇر ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز شامنىڭ ئۈچ رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز. دەسلەپكى ئىككى رەكئەتنى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئوقۇغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ”ئەتتەھىيياتۇ“ نى ئوقۇيمىز ۋە ئورنىمىزدىن ئۈچىنچى رەكئەتنى ئوقۇش ئۈچۈن تۇرىمىز. ئۈچىنچى رەكئەتتە يالغۇز ”فاتىھە“ سۈرىسىنىلا ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ ئاندىن ئولتۇرىمىز ۋە ”ئەتتەھىيياتۇ“ ”ئاللاھۇممە سەللى ئەلا“، ”ئاللاھۇممە بارىك ئەلا“ ۋە ”راببىنا ئاتىنا“ دۇئالىرىنى ئوقۇيمىز، ئىككى تەرەپكە سالام بېرىمىز.

ناماز شامنىڭ سۈننىتى: ئىككى رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز شامنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە قاراڭ.

## خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

خۇپتەن نامىزى توققۇز رەكئەتتۇر. تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ۋاجىب.

خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزى: تۆت رەكئەتتۇر ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز ۋە پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇيمىز.

خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى: ئىككى رەكئەتتۇر. ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا“ دەپ نىيەت قىلىمىز.

ئەسكەرتىش: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە قاراڭ.. ناماز شامنىڭ سۈننىتى ۋە پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇلىدۇ.

## ۋىتىر نامىزى

ۋىتىر نامىزى ئۈچ رەكئەتتۇر. دەسلەپكى ئىككى رەكئەت بامداتنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئەمما ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرغاندا پەقەت ”ئەتتەھىيياتۇ“ نىلا ئوقۇپ ئاندىن ئۈچىنچى رەكئەتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىمىز.

www.munber.org

ئۈچىنچى رەكئەتتە بىسمىللاھ، فاتىھە ۋە بىر سۈرە ئوقۇلغاندىن كېيىن قولىنى قۇلاقىچە كۆتۈرۈپ تەكبىر ئوقۇغاندىن كېيىن قايتا باغلايمىز. بۇ قېتىم دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلىدۇ. (قۇنۇت دۇئاسى كىتابنىڭ ئاخىرىدا "سۈرىلەر" قىسمىدا بېرىلدى) بۇ دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىمىز، نورمال هالدا ناماز ئوقۇلۇپ تۈگەيدۇ.

قۇنۇت دۇئالىرىنى بىلمىگەنلەر "ئاللاھۇممە مەغفىرلى" نى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن رۇكۇ قىلسا بولىدۇ. (ئەڭ ياخشىسى ئۈگەنگەن تۈزۈك ـ تەرجىماندىن)

## نامازنىڭ پەرزلىرى

بۇ كىتابنىڭ بېشىدا "32 پەرز" نى سانىغان ۋاقتىمىزدا ئىزاھلىغان ئىدۇق.

## نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار

1 ـ دۇنياغا ئائىت مەلۇم بىر ئىشنى ئەسلەپ، ئۈنلۈك يىغلاش، ئاغرىق ۋە ئازاب سەۋەبىدىن ياكى هېرىپ كەتكەنلىكتىن "ئاھ"، "ئۇھ" دېيىش، ئىڭراش.

2 ـ يۆتەل كەلمىسىمۇ يۆتىلىش.

3 ـ بىر نەرسىنى پۈۋلەش.

4 ـ بىرەيلەنگە جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە بىر ئايەت ئوقۇش.

5 ـ مەسە ئۈستىگە قىلىنغان مەسھىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش.

6 ـ نامازدا تۇرۇپ مۇشۇك ياكى ئىتلارنى هەيدىۋېتىش ئۈچۈن "پىش"، "ئۇش" دېگەندەك گەپلەرنى قىلسا ناماز بۇزۇلىدۇ.

7 ـ نامازدا ئاغىزىغا قار ـ يامغۇر، مۆلدۈر چۈشسە، ئۇنى يۇتسا ناماز بۇزۇلىدۇ.

8 ـ ئايەتنى خاتا ئوقۇپ، مەنىسىنى بۇزۇش.

9 ـ ئەر بىلەن ئايال بىر سەپتە يېقىن تۇرۇش.

10 ـ نامازدا بىر رۇكۇن ئىچىدە ئۈچ قېتىم بىر يېرىنى قاشلىسا.

11 ـ نامازدا بىر رۇكۇنى ئادا قىلغۇچىلىك ۋاقىت ئەۋرەت يېرى ئوچۇق قالسا، ياكى كىيىمگە نامازغا تۇسالغۇ بولغۇدەك بىر مەينەت نەرسە يوقۇپ قالسا.

12 ـ سەجدىدە ئىككى پۇتى تۇيۇقسىز يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە.

13 ـ ناماز ئوقۇۋاتقاندا هەيز كېلىپ قالسا.

14 ـ نامازدا ئېسىدە يوق، خاتا هالدا ياكى قەستەن گەپ قىلسا.

15 ـ نامازدا بىر نەرسە يېسە ياكى ئىچسە.

www.munber.org

16 ـ نامازدا ئاۋازى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك كۆلسە، يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك كۆلسە تاھارىتىمۇ سۇنىدۇ.

17 ـ نامازنىڭ ئىچىدە قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلسا.

18 ـ نامازدا بىر ئىش قىلماقچى بولسا ناماز بۇزۇلىدۇ.

## سەھۋە سەجدىسى

سەھۋە سەجدىسى ـ خاتالىقنى تۈزىتىش سەجدىسى دېيىلىدۇ. ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنتۇپ ياكى بىلىپ بىلمەي بىرەر خاتالىق، كەمچىلىك قىلىپ قويسا، بۇنى سەھۋە سەجدىسى قىلىش ئارقىلىق تۈزىتىمىز.

سەھۋە سەجدىسى ئۈچ يەردە قىلىنىدۇ:

1 ـ پەرز كېچىكىكەندە،

2 ـ ۋاجىب تەرك قىلىنغاندا،

3 ـ ۋاجىب كېچىكىكەندە.

سەھۋە سەجدىسى مۇنداق قىلىنىدۇ: ئوقۇۋاتقان نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، سالام بېرىدىغان ئولتۇرۇشىدا "ئەتتاھىياتۇ" نى ئوقۇپ بولۇپ ئىككى تەرىپىمىزگە سالام بەرمەيلا دەرھال "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ يېڭىباشتىن سەجدىگە بېرىپ، ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ ئولتۇرىمىز. قايتىدىن "ئەتتەھىياتۇ" نى "ئاللاھۇممە سەللى ئەلا" نى "ئاللاھۇممە بارىك ئەلا" ۋە "رەببىنا ئاتىنا" دۇئالىرىنى ئوقۇپ،ئاندىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ نامازنى تاماملايمىز. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق نامازدىكى كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزەتكەن بولىمىز.

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇغان نامازغا قارىغاندا **25** ھەسسە، يەنە بىر رىۋايەتتە **27** ھەسسە كۆپتۇر. شۇڭا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى بىر يەردە تۇرغاندا نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشى كېرەك. جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىشى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشىگە پايدىلىق.

## بەش ۋاخ نامازدىن باشقا نامازلار

جۈمە نامىزى: ۋاقتى پېشىن نامىزى ۋاقتىدا، جەمئى **10** رەكئەتتۇر. پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىغا ئىككى رەكئەت ناماز جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. جەمئىي سەككىز رەكئەت سۈننىتى بار، بۇنىڭ تۆت رەكئىتى پەرزنىڭ ئالدىدا تۆت رەكئىتى پەرزنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇلىدۇ. پېشىن نامىزى ۋاقتى كېلىشى ھامان ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ. پېشىن نامىزى ۋاقتى كېلىشى ھامان ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

www.munber.org

خۇتبىدىن كېيىن جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئىككى رەكئەت جۇمە نامىزى ئوقۇلىدۇ. بۇ ئىككى رەكئەت پەرزدىن كېيىن يەنە تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

## جۇمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ئەركىشى بولۇشى كېرەك، ئاياللارغا پەرز ئەمەس، لېكىن جۇمەگە بارسا ۋە جۇمەنى ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇسا، بۇ پېشىن نامىزىغا ھېساب بولىدۇ.

2 ـ جۇمەگە بېرىش ئۈچۈن ئازاد ۋە ئەركىن بولۇشى كېرەك.

3 ـ يولۇچى (مۇساپىر) بولماسلىقى كېرەك.

4 ـ كېسەل بولماسلىقى، ساغلام بولۇشى كېرەك.

5 ـ ئەما (كۆزى كۆرمەس) بولماسلىقى كېرەك.

6 ـ نامازغا بېرىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان بىرەر توسقۇنلۇق بولماسلىقى كېرەك.

**جۇمە نامىزىنىڭ سەھىھ (توغرا) بولۇشىدىكى شەرتلەر:**

جۇمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بىر قاتار شەرتلەر بولغاندەك، ئۇنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈنمۇ بەزى شەرتلەر بار:

1 ـ جۇمەنى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇش.

2 ـ نامازدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇش.

3 ـ جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان يەر كىشلەرگە ئوچۇق بولۇشى كېرەك!

4 ـ ئىمامدىن باشقا ئەڭ ئاز ئىككى ئەركىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر جامائەت بولۇشى كېرەك (ئىمام ئەبۇ يۇسۇپىنىڭ قارىشىچە، ئىككى ئەركىشى بولمىسىمۇ يەنىلا سەھىھتۇر)

5 ـ جۇمە نامىزىغا ئىمامىلىق قىلىدىغان بىر ئىمام تەيىنلەنگەن بولۇشى كېرەك.

6 ـ جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان يەر ـ شەھەر ياكى شەھەرگە ئوخشاش بىر يەر بولۇشى كېرەك.

## ھېيت نامىزى

جۇمە نامىزى پەرز بولغان كىشلەرگە يىلدا ئىككى قېتىم ھېيت نامىزى ئوقۇشمۇ ۋاجىپتۇر. ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. كۈن چىقىپ ئىككى نەيزە بويى ئېگىزلىگەندە ئۆرلىگەندىن كېيىن ھېيت نامىزى ۋاقتى بولىدۇ. ناماز ۋاقتىدا جامائەت سەپ بولۇپ تىزىلىپ: "نىيەت قىلدىم ۋاجىپ بولغان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا، ئىقتىدا قىلدىم ئىمامغا" دەپ نىيەت قىلىدۇ.

www.munber.org

# سەپەر نامىزى

ئوتتۇراھال سۈرئەت بىلەن مېڭىپ ئەڭ ئاز ئۈچ كۈنلۈك (يەنى 90 كىلومىتېرلىق) سەپەر بىلەن بىرگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ يېزىسىدىن، ناھىيىسىدىن، شەھىرىدىن، يۇرتىدىن چىققان كىشىلەر مۇساپىر (يولۇچى) دېيىلىدۇ.

يولۇچى كىشى مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلسا مۇساپىرلىقتىن چىقىدۇ. (يەنى يولۇچى ھېسابلانمايدۇ) ئەگەر 15 كۈندىن ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قالماقچى بولسا مۇساپىرلىقتىن چىقمايدۇ. بۈگۈن كېتىمەن، ئەتە كېتىمەن، دەپ تۇرۇپ 10 يىل تۇرۇپ قالسىمۇ يەنە مۇساپىرلىقتىن چىقمايدۇ. يولۇچى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ. ئۈچ ۋە ئىككى رەكئەتلىك نامازلارنى تولۇق ئوقۇيدۇ. يول بىخەتەر بولسا قونالغۇ يەرلىرىدە ئازادە ۋاقىت بولسا سۈننەتلىرىنى جايىدا ئوقۇيدۇ. (لېكىن ھەرقانداق ئەھۋالدا بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى ئوقۇلىشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ)

**ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەتكە، تەقدىرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش.**

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى بۇ مەزمۇننى "دىنىمنى ئۆگىنىمەن" ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ قىسمى ھېسابلانغان "ئىماننىڭ شەرتلىرى" ناملىق كىتابتا تەپسىلى بايان قىلىنغان. شۇ كىتابقا قاراڭ!

# ناماز سۈرىلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئەسكەرتىش: ناماز ئايەتلىرىنى جەزمەن ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەبچە ئوقۇلۇشىدىن يادلاش لازىم، چۈنكى ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى ئەرەبچە تەلەپپۇزنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خاتا ئۆگىنىپ قېلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئوقۇلىنىشىنىمۇ بەردۇق.

ـ **سُبْحَانَكَ اللهم وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدكَ وَلاَ إِلَـهَ غَيْـرُكَ** "سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىك ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋەتەئالا جەددۇكە ۋەلائىلاھە غەيرۇك"

مەنىسى: ئى ئاللاھ! سەن نوقسانلاردىن پاكسەن، جىمى مەدھىيە ۋە ماختاش ساڭىلا خاس، سېنىڭ ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر. (ئەزىمە ۋە جالالىڭ يۈكسەكتۇر) سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

ـ **التحِياتُ لِلهِ، وَالصلَوَاتُ، وَالطيبَاتُ، السلاَمُ عَلَيْكَ أيهَا النبِي وَرَحْمَةُ الله وَبَرَكَاتُهُ، السلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ الله الصالِحِينَ. وَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلا الله وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**

"ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ ئەسسالامۇئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ ئەسسالامۇئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھ"

مەنىسى: تىل، بەدەن ۋە مال مۈلۈك بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەر ئاللاھقا خاستۇر. ئى مەرتىۋىسى ئۇلۇغ پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، سالام ۋە خاتىرجەملىك بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ

www.munber.org

ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا (ئىبادەتكە لايىق) ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

**اللهم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ،**

"ئاللاھۇممە سەللىئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇممەجىيد"

مەنىسى: ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغىمۇ رەھمەت قىلغىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەڭ كۆپ ماختالغان ۋە شانۇ ـ شەۋكىتى ئۇلۇغ بولغان يالغۇز سەن.

**اللهم بَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.**

"ئاللاھۇممە بارىكئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇممەجىيد"

مەنىسى: ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى مۇبارەك قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنىمۇ مۇبارەك قىلغىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىمى ماختاش مەدھىيە ۋە شانۇ ـ شەۋكەت يالغۇز ساڭىلا ئائىتتۇر.

**رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ**

"رەببىنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار"

تەرجىمىسى: ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.﴾

**اللهم إِنا نَسْتَعِيْنُكَ، وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُثْنِيْ عَلَيْكَ الْخَيرَ، وَلاَ نَكْفُرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَتَوَكلُ عَلَيْكَ نُثْنِى عَلَيْكَ الْخَيْرَ كُلهُ وَنَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ. نَخْلَعُ مَنْ يَكْفُرُكَ. اللهم إِيَاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَليْ وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، نَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذابَكَ، إِن عَذآبَكَ بِالْكَافِرِيْنَ مُلْحِق.**

"ئاللاھۇممە ئىننا نەستەئىينۇكە ۋەنەستەھدىيكە ۋەنەستەغفىرۇكە ۋەنەتۇبۇ ئىلەيكە ۋەنۇئمىنۇبىكە ۋەنەتەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋەنۇسنى ئەلەيكەلخەيرە كۇللەھۇ نەشكۇرۇكە ۋەلانەكفۇرۇكە ۋەنەخلەئۇ ۋەنەترۇكۇ مەن يەفجۇرۇكە، ئاللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋەلەكە نۇسەللى ۋەنەسجۇدۇ ۋەئىلەيكە نەسئا ۋەنەھفىدۇ، نەرجۇ رەھمەتەكە ۋەنەخشا ئازابەكەلجىددى، ئىننە ئازابەكە بىلكۇففارى مۇلھىق".

مەنىسى: ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى، بىزنى توغرا يولغا باشلىشىڭنى تىلەيمىز، ئى ئاللاھ! ساڭا ئىمان ئېيتىمىز، تەۋبە قىلىپ ساڭا قايتىمىز، ئىشىمىزدا ساڭا تايىنىمىز ۋە ساڭا ئىشىنىمىز، سېنى ماختايمىز، بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ سەندىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەيمىز، بىزگە شۇنچە كۆپ نېمەت بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمىز ۋە نان كورلۇق قىلمايمىز. ساڭا تۇزكورلۇق قىلغانلاردىن يىراق تۇرىمىز، ئۇلار بىلەن ئالاقىمىزنى ئۈزىمىز.

www.munber.org

ئى ئاللاھ! پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، پەقەت سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز، يالغۇز ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، يالغۇز ساڭىلا يۈگۈرۈپ بارىمىز ساڭا سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن ئىبادەت قىلىمىز رەھمىتىڭدىن ئۈمىدلىنىمىز، غەزىپىڭدىن قورقىمىز، سېنىڭ ئازابىڭ كاپىرلار ئۈچۈندۇر.

**اللهُ لاَ إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلا بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ**

مەنىسى: بىر اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللەنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللەنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللەنىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللەنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ۝٥ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧ ﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.[1] جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر.[2] اللە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.[3] قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.[4] (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.[5] غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).[7]

ئوقۇلۇشى:

ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىلئالەمەمىين. ئەررەھمانىر رەھىم. مالىكى يەۋمىددىن. ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىين. ئىھدىنەسسىراتالمۇستەقىم. سىراتاللەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلاززاللىين.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَٰبِ ٱلْفِيلِ ۝١ أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ ۝٢ وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ۝٣ تَرْمِيهِم بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ ۝٤ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍۭ ۝٥ ﴾

www.munber.org

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟[1] ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟[2] ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.[3] قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ،[4] ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى.[5]

ئوقۇلۇشى:

ئەلەم تەرەكەيفە فەئەلە رەببۇكە بىئەسھابىل فىيل. ئەلەم يەجئەل كەيدەھۇم فىي تەزلىيل. ۋەئەرسەلە ئەلەيھىم تەيرەن ئەبابىيل. تەرمىيھىم بىھىجارەتىن مىن سىججىيل. فەجەئەلەھۇم كەئەسفىم مەئكۇل.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ لِإِيلَٰفِ قُرَيۡشٍ ۝١ إِۦلَٰفِهِمۡ رِحۡلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيۡفِ ۝٢ فَلۡيَعۡبُدُواْ رَبَّ هَٰذَا ٱلۡبَيۡتِ ۝٣
ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم مِّن جُوعٖ وَءَامَنَهُم مِّنۡ خَوۡفِۭ ۝٤ ﴾

تەرجىمىسى: قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن،[1] ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن،[2] بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى. [3 ـ 4]

ئوقۇلۇشى:

لىئىيلافى قۇرەيش. ئىلافىھىم رىھلەتەششىتائى ۋەسسەيف. فەليەئبۇدۇ رەببى ھازال بەيت. ئەللەزى ئەتئەمەھۇم مىن جۇئ ۋەئامەنەھمۇ مىن خەۋف.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ۝١ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِي يَدُعُّ ٱلۡيَتِيمَ ۝٢ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ
طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ۝٣ فَوَيۡلٞ لِّلۡمُصَلِّينَ ۝٤ ٱلَّذِينَ هُمۡ عَن صَلَاتِهِمۡ سَاهُونَ ۝٥ ٱلَّذِينَ هُمۡ
يُرَآءُونَ ۝٦ وَيَمۡنَعُونَ ٱلۡمَاعُونَ ۝٧ ﴾

تەرجىمىسى: دىنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟[1] ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر، [3 ـ 2] شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، [4 ـ 5] نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ.[6] ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ.[7]

ئوقۇلۇشى:

www.munber.org

ئەرائەيتەللەزى يۇكەززىيبۇ بىددىين. فەزالىكەللەزى يەدۇئۇلىيەتىيم. ۋەلا يەھۇززۇ ئەلا تائامىلمىسكىين. فۋەيلۇل لىلمۇسەللىينە. ئەللەزى ھۇم ئەن سالاتىھىم ساھۇن. ئەللەزى ھۇم يۇرائۇن. ۋە يەمنەئۇنەلمائۇن.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ إِنَّآ أَعْطَيْنَـٰكَ ٱلْكَوْثَرَ ۝١ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ ۝٢ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلْأَبْتَرُ ۝٣ ﴾

تەرجىمىسى: بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.[1] پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.[2] ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ.[3]

ئوقۇلۇشى:

ئىننا ئەئتايىنا كەلكەۋسەر. فەسەللىي لىرەببىكە ۋەنھەر. ئىننە شانىئەكە ھۇۋەلئەبتەر.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْكَـٰفِرُونَ ۝١ لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ۝٢ وَلَآ أَنتُمْ عَـٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ۝٣

وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ ۝٤ وَلَآ أَنتُمْ عَـٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ۝٥ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِىَ دِينِ ۝٦ ﴾

تەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار![1] سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن.[2] سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللهغا ئىبادەت قىلمايسىلەر.[3] سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق.[4] سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللهغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق.[5] سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن».[6]

ئوقۇلۇشى:

قۇل يائەييۇھەلكافىرۇن. لائەئبۇدۇ ماتەئبۇدۇن. ۋەلا ئەنتۇم ئابىدۇنە مائەئبۇد. ۋەلا ئانا ئابىدۇم مائەبەدتتۇم. ۋەلا ئەنتۇم ئابىدۇن مائەئبۇد. لەكۇم دىينكۇم ۋەلىيە دىينىي.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ إِذَا جَآءَ نَصْرُ ٱللَّهِ وَٱلْفَتْحُ ۝١ وَرَأَيْتَ ٱلنَّاسَ يَدْخُلُونَ فِى دِينِ ٱللَّهِ أَفْوَاجًا ۝٢

فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَٱسْتَغْفِرْهُ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابًۢا ۝٣ ﴾

www.munber.org

تەرجىمىسى: اللەنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللەنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، [1 ـ 2] رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. اللە ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.[3]

ئوقۇلۇشى:

ئىزا جائە نەسرۇللاھى ۋەلفەتھۇ. ۋەرە ئەيتانناسە يەدخۇلۇنە فى دىنىللاھى ئەفۋاجا. فەسەببىھ بىھەمدى رەببىكە ۋەستىغفىرھ، ئىننەھۇ كانە تەۋۋابا.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿ تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ ﴿١﴾ مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ ﴿٢﴾ سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ﴿٣﴾ وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ ﴿٤﴾ فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ ﴿٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى.[1] ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى.[2] ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ.[3] ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.[4] ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ.[5]

ئوقۇلۇشى:

تەببەت يەدا ئەبى لەھەبىن ۋەتەب. مائەغنا ئەنھۇ مالۇھۇ ۋەماكەسەب. سەيەسلا نارەن زاتە لەھەب. ۋەمرائەتەھۇ ھەمما لەتەلھەتەب. فجىيدىھا ھەبلۇم مىن مەسەد.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ ﴿١﴾ اللَّهُ الصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ ﴿٤﴾ ﴾

تەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ اللە بىردۇر[1]. ھەممە اللەغا موھتاجدۇر[2]. اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس[3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ[4].

ھەرخىل بالا ـ قازا، مۇسىبەت ۋە مۇشكىلاتلاردىن ساقلايدىغان سۈرىلەر:

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يېرى ئاغرىپ قالغاندا ۋە ھەر كېچە ئۇخلاشقا ياتىدىغان چاغ ”ئىخلاس“، ”فەلەق“ ۋە ”ناس“ سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، قوللىرىغا ھۈرۈپ مۇبارەك بېشىغا ۋە يۈزىدىن باشلاپ پۈتىغىچە پۈتۈن بەدىنىنى ئۈچ قېتىم سىلايتتى».

ئوقۇلۇشى:



www.munber.org

قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد. ئاللاھۇسسەمەد. لەم يەلىد ۋەلەم يۇلەد. ۋەلەم يەكۇن لەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ﴿١﴾ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِن شَرِّ
ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِى ٱلْعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾ ﴾

تەرجىمىسى: «مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (الله) غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

ئوقۇلۇشى:

قۇلئەئۇزۇ بىرەببىلفەلىقى. مىن شەررىماخالەق. ۋەمىن شەررى غاسىقىن ئىزا ۋەقەب. ۋەمىن شەررىننافغاساتى فىلئۇقەدى. ۋەمىن شەررى ھاسىدىن ئىزا ھەسەد.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ﴿٢﴾ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ﴿٣﴾ مِن شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ
﴿٤﴾ ٱلَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ ﴿٥﴾ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴿٦﴾ ﴾

تەرجىمىسى: «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (الله) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

ئوقۇلۇشى:

قۇلئەئۇزۇ بىرەببىنناس. مەلىكىنناس. ئىلاھىنناس. مىن شەررىلۋاسۋاسىل خەنناس. ئەللەزىي يۇۋەسۋىسۇ فىي سۇدۇرۇنناس. مىنەللجىننەتى ۋەنناس.

www.munber.org

# روزا تۇتۇش

ئىبادەت نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

1 ـ بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش دېگەندەك.

2 ـ پۇل ـ مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت: زاكات ۋە سەدىقە بېرىش دېگەندەك.

3 ـ ھەم پۇل ـ مال بىلەن، ھەم بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت: ھەج قىلىش دېگەندەك.

س: ئىبادەت پەقەتلا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش دېگەندەك ئىشلارمۇ؟ باشقا ئىشلىرىمىزمۇ ئىبادەت ھېسابلىنامدۇ؟

ج: ئىبادەت ـ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش، مەنئىي قىلغان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتلەرنىڭ بېشى ناماز ئوقۇشتۇر. ناماز ئوقۇش ئارقىلىق باشقا ئىشلىرىمىزنىمۇ ئىبادەت ھالىتىگە كەلتۈرەلەيمىز. ناماز ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىشىش ئۈچۈن دەرس ئۆگىنىشىمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزدا نىيەت ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ھالال يوللاردا ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئەمگەك قىلىشمۇ ئىبادەتتۇر...

**بەزىلەر ”ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ئىبادىتىمىزدىن بىھاجەتتۇر، شۇنداق ئىكەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟ بۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرسەك بۇلار؟“ دەيدۇ**

ئاللاھ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزدىن بىھاجەتتۇر، ئەمما بىزنىڭ ئىبادەتكە ئېھتىياجىمىز بار. بۇنى بۇنى تۆۋەندىكى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى! مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق، مۇئەللىملەر بىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىكتۇر. ئۇلار بىزنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، بىزگە ھەمىشە تاپشۇرۇق بېرىدۇ. ئەمدى ئوقۇغۇچىلار: ”مۇئەللىم تاپشۇرۇق بېرىپ قاراپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمىزگە مۇئەللىمنىڭ ئېھتىياجى بارمۇ؟“ دېيىشى توغرا بولامدۇ؟!

تاپشۇرۇق ئىشلەش بىزگە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىم تاپشۇرۇق بېرىدۇ. ئىبادەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىبادەتكە بىز ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىمىز بار. چۈنكى، ئىبادەتلەر بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كامىللاشتۇرىدۇ. ئۇزۇقلۇق ماددىلار بىزنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىمىز، ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئۈچۈن لازىملىق بولغاندەك ئىبادەتلەرمۇ روھىمىزنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. كۈچلەندۈرىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئۆزئارا ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىمۇ ياخشىلايدۇ.

**س: روزا تۇتۇش دېگەن نېمە؟**

ج: روزا تۇتۇش دېگىنىمىز ـ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نىيەت قىلىپ، سۇبھى ۋاقتىدىن باشلاپ ناماز شام كۈن (پېتىش) ۋاقتىغىچە يېيىش ـ ئىچىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش بەدەنى ئارزۇلارنى تەرك ئېتىشتۇر.

**س: روزا تۇتۇش پەرزمۇ؟**

www.munber.org

ج: روزا تۇتۇش ـ ئىسلامنىڭ بەش پەرزىنىڭ بىرىدۇر. ”قۇرئان كەرىم“ دە: ﴿ئى مۆمىنلەر (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾ [سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت].

روزا تۇتۇش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزان ئېيى كەلگەندە جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. جەھەننەم ئىشىكلىرى يېپىلىدۇ. شەيتانلار باغلىنىدۇ» دېگەن.

رامىزان ئېيى قۇرئان نازىل قىلىنغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ شەرەپلىك ئايدۇر.



س: روزا تۇتۇشنىڭ ئېنىق بىر ۋاقتى بارمۇ؟

ج: روزا ھىجرىيە كالېندارى بويىچە رامىزان ئېيىدا تۇتۇلىدۇ.

س: سۈبھى (ئىمساك) سوھورلۇق ئېپتار دېگەن نېمە؟

ج: سۈبھى (ئىمساك) روزا تۇتۇش باشلانغان ۋاقىتتۇر.

ج: سوھورلۇق روزا تۇتۇش ئۈچۈن يەنە كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق يېيىش (غىزالىنىش).

ئېپتار: كۈن پاتقاندا، يەنى ناماز شام ۋاقتى كەلگەندە تاماق يېيىش.



س: روزا تۇتۇش كىملەر ئۈچۈن پەرز؟

جاۋاب:

1 ـ ئەقلى ھوش جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش پەرزدۇر. گەرچە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ئۈچۈن روزا پەرز بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئادەتلەندۈرۈش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە روزا تۇتقۇزۇشنىڭ پايدىسى بار. روزا تۇتقان باللارنى روزىغا ئامراق قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەدىيە بېرىش ياخشى ئىشتۇر.

2 ـ تېنى ساغلام كىشىلەرگە پەرزدۇر.

3 ـ سەپەرگە چىقمىغانلار (يەنى يولۇچى ئەمەس كىشىلەر) گە پەرزدۇر. كېسەل كىشىلەر، سەپەر ئۈستىدىكىلەر ۋە بەك

www.munber.org

ياشنىپ كەتكەن كىشىلەر روزا تۇتالماسلىقى مۇمكىن.

ئەمما كېسەللەر ساقايغاندا ۋە يولۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بارغاندا، تۇتۇلماي قالغان روزىنى رامىزان ئېيىدىن كېيىن تولۇقلاپ (بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈن) تۇتۇشى كېرەك. بەك ياشىنىپ كەتكەن كىشىلەر تۇتالمىسا، ئەگەر ئىقتىسادى ئەھۋالى يار بەرسە، ھەر كۈن ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە پىتىر سەدىقىسى بېرىشى كېرەك.

پىتىر - بىر كەمبەغەلنى ئەتىگەن ۋە ئاخشام غىزالاندۇرۇپ تويغۇزۇش، ياكى ئىككى ۋاقلىق تاماققا چۈشلۇق پۇل بېرىش دېگەنلىكتۇر.

4 - ئاياللار روزا تۇتۇش ئۈچۈن ھەيز كېلىۋاتقان ۋە تۇغۇپ ياتقان (يەنى نىفاس كېلىۋاتقان) ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك. ئاياللار ھەيز ۋە نىفاس مەزگىلىدە روزا تۇتالمايدۇ، ئەمما پاكىزلانغاندىن كېيىن روزىنى داۋام قىلىشى كېرەك. تۇتالماي قالغان روزىنى رامىزان ئېيىدىن كېيىن، بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈن تولۇقلاپ تۇتىدۇ.

**س: نىيەت قىلماي روزا تۇتسا بولامدۇ؟**

ج: روزا تۇتۇش بىر ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن نىيەت قىلماي روزا تۇتقىلى بولمايدۇ.

**س: روزىغا قانداق نىيەت قىلىمىز؟**

ج: ئېتاردا ياكى كېچە سوھوردا ئورنىمىزدا تۇرغاندا، ”نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەتىكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشقا“ دەپ دەپ نىيەت قىلىمىز.

**س: نىيەتنى چوقۇم تىلى بىلەن سۆزلەش شەرتمۇ؟**

ج: قەلبىمىزدە روزا تۇتىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز ۋە ئويلىشىمىز نىيەت ئۈچۈن كۇپايە، تىل بىلەن سۆزلىسەك تېخىمۇ ياخشى. زورلۇقتا ئورنىمىزدىن تورشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ نىيەتكە ھېسابلىنىدۇ.

**س: قانداق ئەھۋالدا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ؟ يەنى روزىنى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئەھۋاللار قايسىلار؟**



ج: 1 - سەپەرگە چىققاندا: سەپەرگە چىققان كىشى خالىسا روزىسىنى بۇزسا، ياكى تۇتمىسا بولىدۇ. رامىزاندىن كېيىن بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈن تولۇقلاپ تۇتۇشى شەرت. ئەمما سەپەر جەريانىدا روزا تۇتقاندا جاپا تارتمىسا، تۇتسا كۆپ ساۋاب بولىدۇ.

2 - قاتتىق ئاچلىق ياكى ئۇسسىز ھالەتتە: ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان دەرىجىدىكى قاتتىق ئاچلىق ياكى ئۇسسىزلىق روزا تۇتماسلىق ياكى تۇتقان روزىنى بۇزۇش ئۈچۈن يېتەرلىك بىر سەۋەبتۇر.

www.munber.org

3 ـ ئۇرۇشتا دۈشمەنلەرگە قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن روزىنى بۇزسا بولىدۇ.

4 ـ ئېغىر كېسەل ياكى بەك ياشىنىپ كەتكەن كىشىلەر روزا تۇتالماسلىقى مۇمكىن، ئەگەر بۇلارنىڭ ساقىيىپ كېتىشىدىن ئۈمىد يوق بولسا، تۇتالمىغان ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە پىتىر سەدىقىسى بېرىدۇ.

5 ـ ئاياللار بالا ئېمىۋاتقان ياكى ھامىلدار بولغان مەزگىلدە: ھامىلدار ياكى بالا ئېمىۋاتقان ئاياللارنىڭ روزا تۇتىشى ئەگەر ئۆزىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. زىيانلىق بولمىسا تۇتىدۇ.

**س: روزا تۇتۇش كۈن بويى ئاچ قېلىش دېگەنلىكمۇ؟**

ياق، روزا تۇتۇش كۈن بويى ئاچ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. روزىدار كىشى بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا كۆزىنى، قۇلىقىنى، تىلىنى، قولىنى ۋە پۇتىنى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇتۇشى لازىم. ئېلىم ـ سېتىمدا توغرا ـ دۇرۇس بولۇشى، يالغان گەپ قىلماسلىقى، يالغان قەسەم قىلماسلىقى لازىم. ئىشلىگەندە چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشى، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**س: روزا تۇتۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ياخشى ئادەتلەر قايسىلار؟**

روزا تۇتۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارغا ئادەتلىنىمىز.

1 ـ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشتۈرىلىدۇ.

2 ـ ئاچلىققا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدۇ.

3 ـ روزا تۇتۇش جەريانىدا قولىمىزدا بار بولغان بەزى نېمەتلەردىن مەلۇم مەزگىل پايدىلىنالمايمىز. بۇ ئارقىلىق ئۇشبۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىمىز ۋە ئۇلارنى ئىسراپ قىلمايدىغان بولىمىز.

4 ـ روزا ئارقىلىق ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلىنىدۇ. بىرلىكتە سۇھۇرلۇق يېيىش، ئىپتار قىلىش ۋە جامائەت بولۇپ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ۋە ئائىلىۋى ھاياتىمىزغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز، قولۇم ـ خوشنىلىرىمىز ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزنى ”ئىپتار“ غا چاقىرىمىز بۇ ئارقىلىق باللار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا تونۇشىدۇ ۋە گۈزەل ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن چوڭ بولىدۇ.



ئۇنىدىن باشقا رامىزان ئېيى مېھرى ـ شەپقەت كۆرسىتىدىغان، ئەپۇ قىلىدىغان بىر ئاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا كۆڭۈل ـ ئاغرىقى، ئۆچ ـ ئاداۋەتلەر يوقىلىدۇ. كىشىلەر ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىشىپ بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ. گەپلەشمەيدىغانلار يارىشىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

5 ـ روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىيالايمىز. شۇنداق قىلغاندا يوقسۇل كىشىلەرنىڭ ھالىنى تېخىمۇ ياخشى

www.munber.org

چۈشىنىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان بولىمىز.

6 ـ بۇ ئاي ساخاۋەت ئېيىدۇر. بۇ ئايدا زاكات ۋە پىتىر سەدىقىسى بېرىمىز، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىمىز. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزئارا تونۇشىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ.

7 ـ بىر يىل ئىچىدە ھېرىپ كەتكەن ئاشقازان، يۈرەك ۋە باشقا ئەزالىرىمىز روزا تۇتۇش سەۋەبى بىلەن ئازراق بولسىمۇ دەم ئېلىۋالىدۇ، روزا بەدىنىمىزدە يىغىلىپ قالغان ئارتۇق ياغلارنىڭ ئېرىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ئالدىمىزغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى يەپ ـ ئىچىدىغان ئادەتنى تاشلاتقۇزىدۇ. يەپ ـ ئىچىشىمىز تەرتىپلىك بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزگە پايدىلىق.

8 ـ روزا پۈتۈن ئەزالىرىمىز قاتناشقان بىر ئىبادەتتۇر. تاماق يېمەسلىك بىلەن ئىچكى ئەزالىرىمىز، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن مېڭە، كۆز، قۇلاق ـ قول ـ پۇت قاتارلىق ئەزالىرىمىز ئىبادەت قىلىدۇ.

9 ـ روزا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئىنساننى كامىللاشتۇرىدۇ. كەمتەر قىلىدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىق يامان خۇيلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.

**س: روزا تۇتقانلارغا قانداق مۇكاپاتلار بار؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ دەيدۇكى، ”ئادەم باللىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈندۇر، ئەمما روزا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى روزىنى مەن ئۈچۈن تۇتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن“ روزا مەنىۋى قالقاندۇر. سىلەردىن كىمكى روزىدار بولسا ئەدەپ ـ تەربىيىگە يات سۆز ھەرىكەتلەرنى قىلمىسۇن، تۇۋلاپ چىرقىراپ يۈرمىسۇن، بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا، ”مەن روزىدار، روزا تۇتىۋاتىمەن!“ دېسۇن، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، روزىدارنىڭ ئاغزى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇشكى ـ ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراقتۇر.» روزىدار ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى، ئىپتار قىلغاندا راھەتلىنىپ خوشال بولىدۇ. يەنە بىرى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا روزىسى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ خۇشال بولىدۇ.



”قۇرئان بىلەن روزا قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرگە شاپائەتچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەھەننەمدىن يىراقلىشىپ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

**س: ئىپتار قىلغاندا دۇئا قىلىش كېرەكمۇ؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، روزىدار ئىپتار قىلغاندا قىلغان دۇئا ئىجابەت بولىدۇ» دېگەن شۇڭا بۇنداق قىممەتلىك ۋاقىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

www.munber.org

# ئىپتار دۇئاسى

ئاللاھۇمممە لەكە سۇمتۇ ۋەئەلا رىزقىكە ئەفتەرتۇ

مەنىسى: ”ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم، رىزىق، ساغلاملىق بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن“

**س: رامىزان ئېيى نېمە ئۈچۈن ”ئون بىر ئاينىڭ سولتانى“ دېيىلىدۇ؟**

ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ كىتابىمىز ”قۇرئان“ دەسلەپتە نازىل بولۇشقا باشلىغان ئاي رامىزان ئېيى ئىدى. شۇڭا رامىزان ئېيى ”ئون بىر ئاينىڭ سولتانى“ دېيىلگەن مۇسۇلمانلار بۇ بىر ئايدا روزا تۇتۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە ۋە ھەركىشىگە مېھرى ـ شەپقەت كۆرسىتىپ بۇ ئاينى قەدىرلەيدۇ.

**س: مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى روزىنى سۇندۇرسا جازاسى بارمۇ؟**

روزا تۇتۇشنى باشلىغاندىن كېيىن كېسەللەك ياكى سەپەرگە چىقىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى روزىنى سۇندۇرۇپ سالساق، رامىزان ئېيى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇندۇرغان ۋە تۇتالماي قالغان ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈندىن تولۇقلاپ تۇتىشىمىز كېرەك.

**س: سەۋەبسىز روزا سۇندۇرسا جازاسى بارمۇ؟**

ج: سەۋەبسىز روزا سۇندۇرسا ئېغىر گۇناھ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا رامىزاندا قانچە كۈن قازا قىلغان بولسا شۇنچە كۈننى رامىزاندىن كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە ئۈزۈلدۈرمەي 60 كۈن روزا تۇتۇش لازىم. بىلىپ تۇرۇپ بىر كۈنلۈك روزىنى سۇندۇرغان بولسا، جەمئى 61 كۈن روزا تۇتۇش لازىم. بۇ كەففارەت روزىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بەك قېرىپ كەتكەن ياكى كېسەللىك ۋە ئاجىزلىق تۈپەيلى روزا تۇتالمىغان كىشىلەر 60 نەپەر پېقىر يوقسۇلغا ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئىككى ۋاخ تويغىدەك تاماق بېرىشى لازىم. تاماق پۇلىنى پېقىر ـ يوقسۇلنىڭ قولىغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقىغا قاراڭ. جازا ئىشلىرىدىمۇ پېقىر يوقسۇلنى يۆلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

كەففارەت روزىسى تۇتالمايدىغان ۋە پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە كۈچى يەتمەيدىغان كىشىلەر ئاللاھتىن مەغپىرەت، كەچۈرۈم تىلىسۇن.

ئاياللار كەففارەت روزىسى تۇتۇۋاتقان مەزگىلىدە ھەيز (ئادەت قېنى) كەلسە، روزىنى توختىتىپ پاكىزلانغاندىن كېيىن كەلگەن يەردىن باشلاپ يەنە داۋاملىق تۇتىدۇ.

**س: پىتىر سەدىقىسى دېگەن نېمە؟**

ج: بەك ياشىنىپ كەتكەن ياكى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر تۇتالمىغان ھەربىر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى بېرىدۇ. بىر كۈنلۈك پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بىر پېقىر كىشىگە ئىككى ۋاخ تويغۇدەك تاماق بېرىش ياكى ئىككى ۋاخ نورمال تاماققا چۈشلۇق پۇل بېرىشتۇر. پىتىر سەدىقىسىنى بىر پېقىرغا ياكى بىر نەچچە پېقىرغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە كۈچى يەتمىسە، ئاللاھ تىن مەغپىرەت ۋە كەچۈرۈم تىلىسىمۇ بولىدۇ.

**س: روزىداق قايسى ئىشلارنى قىلالايدۇ؟**

www.munber.org

جاۋاب:



1 ـ مسۋاك ئىشلىتىش.

2 ـ كۆزگە سۈرمە تارتىش.

3 ـ گېلىغا سۇ ئۆتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى چايقاش.

4 ـ خۇشپۇراق بىر نەرسە پۇراش.

5 ـ مۇنچىغا چۈشۈش (يۇيۇنۇش)

س: قايسى ئىشلار روزىدارنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ؟



جاۋاب:

1 ـ يادىدا يوق يەپ ـ ئىچىش (يادىغا كەلگەن ھامان دەرھال ئاغزىنى يۇيۇۋېتىش لازىم).

2 ـ قان ئالدۇرۇش (زۆرۈر بولمىسا ئەڭ ياخشىسى ئالدۇرمىغان تۈزۈك).

3 ـ ئۇخلاۋاتقاندا جۇنۇب بولۇپ قېلىش ياكى غۇسۇل قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋالغا يولۇقۇش.

4 ـ غۇسۇل قىلىشى كېرەك بولغان ئەھۋالدا غۇسۇل قىلماي ئەتىگەنگىچە ساقلاش.

5 ـ ئاغىزىغا، بۇرنىغا تاماكا ئىسى، باشقا بىر تۇمان ياكى چاڭ تۇزاڭنىڭ مەجبۇرىيى كىرىپ كېتىشى.

6 ـ مەجبۇرىي قۇسۇش.

7 ـ مسۋاك (چىش چوتكىسى) ئىشلىتىش.

8 ـ گۈل قاتارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراش.

9 ـ ئاغىزىغا سۇ ئېلىپ غەر ـ غەر قىلىش ياكى بۇرنىنى يۇيۇش.

س: قايسى ئىشلاردا روزا سۇنۇپ كەتسە قازا قىلىش (بىر كۈن ئۈچۈن بىر كۈن تولۇقلاپ تۇتۇش) كېرەك بولىدۇ؟

جاۋاب:

1 ـ بۇرنىغا دورا ئېلىش.

2 ـ بۇرنىغا سۇ ئالغاندا سۇنىڭ دىماققا ياكى گالغا ئۆتۈپ كېتىشى.

3 ـ ئوكۇل سالدۇرۇش (زۆرۈر بولمىسا ئىپتاردىن كېيىن سالدۇرغان تۈزۈك).

4 ـ قۇلاقنىڭ ئىچىگە سۇ ياكى ياغ تېمىتىش.

www.munber.org

5 ـ تاھارەت ئالغاندا گالدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىش.

6 ـ ئاغزى توشقۇچە قۇسۇش.

7 ـ يادىدا يوق بىر نەرسە يەپ سالغاندىن كېيىن، بەرىبىر روزا سۇنۇپ كەتتى دەپ ھېسابلاپ، داۋاملىق يېيىش.

8 ـ زورلۇق يېيىش ۋاقتى تۈگەپ، تاڭ ئاتقاندا ۋاقتىنى ئۇقالماي گۇمان بىلەن يەپ ـ ئىچىش.

9 ـ توپا، پاختا، قەغەز، خام گۈرۈچ، ئۇن، خېمىر قاتارلىق ئادەتتە يەپ كۆنمىگەن نەرسىلەر ئاغزىغا كىرىپ كېتىش ياكى بۇلارنى يۇتۇپ سېلىش.

**س: روزىداق كىشى روزا تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ـ ئىچىپ سالسا، روزىسى سۇنۇپ كېتەمدۇ؟**

ج: روزىسى سۇنۇپ كەتمەيدۇ. يادىدا يەپ ـ ئىچىپ سالغانلىق زىيىنى يوق. بۇ ـ ئاللاھنىڭ سوۋغىسىدۇر. ئەمما روزا تۇتۇۋاتقانلىقى ئېسىگە كەلگەن ھامان، دەرھال يەپ ـ ئىچىشنى توختىتىپ، ئاغزىنى چايقىۋېتىپ، روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

**س: روزىدار بىرەيلەننىڭ يادىدا يوق يەپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، قانداق قىلساق بولىدۇ؟**

ج: ئەگەر يادىدا يوق يەپ ـ ئىچىۋاتقان روزىدا كىشى كېسەلچان، ياشىنىپ قالغان بىر كىشى بولسا، ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىق كېرەك. ئۇنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بىر سوۋغىسىدۇر. ئۇ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئېسىگە ئالسۇن، ئەگەر روزىدار كىشى ياش، ساغلام بولسا، ئۇنىڭغا روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، يادىغا كەلتۈرۈپ قويۇش كېرەك.

**س: چىش تارتقۇزۇش، چىش قاپلىتىش ۋە ئۇكۇل سالدۇرۇش قاتارلىقلار روزىنى سۇندۇرامدۇ؟**



ج: چىش تارتقۇزغان روزا سۇنمايدۇ. ئەمما تارتىلغان چىشنىڭ ئورنىدىن چىققان قان كۆپ بولۇپ، ئېغىزنىڭ ھەممە يېرىگە يۇقسا، تەمى بىلىنسە ۋە ئاغزىدىكى تۈكۈرۈكنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قان بولۇپ، يۇتۇلۇپ گالدىن ئۆتۈپ كەتسە روزا سۇنىدۇ. بۇنى تولۇقلاپ قايتا تۇتۇش كېرەك.

چىشنى زاماسكىلاش (چىشنى ياماش) مۇ خۇددى بەدەننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى يارىغا دورا سۈركىگەنگە ئوخشاش ئىشتۇر. چىرىگەن چىشنىڭ كاۋىكىغا توشقۇزۇلغان ماددىلار سۇيۇق ئەمەس بولغاچقا، گالدىن ئۆتۈپ ئاشقازانغا كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن روزىنى سۇندۇرمايدۇ.

www.munber.org

چىش تارتقۇزۇش ۋە ئۆكۈل سالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئەڭ ياخشىسى ئاخشام ئىپتاردىن كېيىن قىلغان تۈزۈك، ئەمما بۇنى ئاخشامغىچە كېچىكتۈرۈش زىيانلىق بولسا، روزىدا تۇرۇپ، چىشلىرىنى تارتقۇزۇپ، ئۆكۈللىرىنى سالدۇرۇپ، بۇ كۈنكى روزىسىنى باشقا بىر كۈنى قايتا تولۇقلاپ تۇتسا بولىدۇ.

**س: روزىنى سۇندۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ھەم قازا (كېيىن قايتا تولۇقلاپ تۇتۇش) ھەم كەففارەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

1 ـ سەۋەبسىز ھالدا قەستەن يەپ ـ ئىچىش ۋە جىنسىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش.

2 ـ تاماكا چېكىش.

3 ـ ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن يامغۇر، مۆلدۈر ۋە قارنى بىلىپ تۇرۇپ يۇتۇش.

4 ـ ئاز مىقداردا تۇز يېيىش.

5 ـ خام ياكى پىششىق گۆش يېيىش.

6 ـ يەپ كۆنۈپ قالغان سېغىز، توپا ياكى چالما (لاي) قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىش.

7 ـ چاۋىياغ ياكى سۇرگۈچ يېيىش.

يۇقىرىقىلارنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلغان روزىدار كىشى رامىزاندىن كېيىن بىر كۈن قازاغا 60 كۈن جازانى قوشۇپ (1 كۈن قازا + 60 جازا = 61 كۈن) ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇش كېرەك.

**س: روزا ھېيت دېگەن نېمە؟**

ج: روزا ھېيت ـ ئاللاھنىڭ روزا تۇتقانلارغا بەرگەن ھەدىيەسىدۇر. ھېيتتا مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرى بىلەن ھېيتلىشىدۇ ۋە خۇشاللىقلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ.


www.munber.org

## ھېيتتا روزا تۇتسا بولامدۇ؟

روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى بىلەن قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ.


ھېكايە:

## ھېيتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر يېتىم قىزنى خوش قىلىشى



مەدىنىدە بىر ھېيت ئەتىگىنى ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېيتلىشىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقىۋاتاتتى. ھەممە كىشى شاد خۇرام ئىدى. ھېيتتا ئەڭ خۇشال بولىدىغانلار ئەلۋەتتە كىچىك باللار ئىدى. باللار ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشال ھالدا ئويال ـ بۇياقتا چېپىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. بارلىق باللار ھېيتنىڭ خوشلۇقىدا كۈلۈپ ئويناپ يۈرگەندە،

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر بۇلۇڭدا بويىنىنى قىسىپ مىسكىن ئولتۇرغان بىر قىز بالىنى كۆردى. بۇ قىزنىڭ كىيىملىرى كونا ۋە ياماق چۈشكەن، ئايىغى يىرتىق ئىدى.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خۇشال كۈندە بىر بۇلۇڭدا بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرغان بۇ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. قىز قوللىرىدا يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خۇشپۇراق گۈل پۇرايدىغان نۇرلۇق قولىنى مېھرى - شەپقەت بىلەن قىزنىڭ بېشىغا قويىدى. يېقىملىق بىر ئاۋازدا:

- بالام! بۇ ھېيتتا نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپ سورىدى. قىز قاتتىق ئۇھ تارتتى بېشىنى كۆتەرمەستىن ۋە سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگىمۇ قارىماستىن سۆزلەشكە باشلىدى؟



- بۇ مۇبارەك بايرام كۈنىدە بارلىق باللار ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ھېيتلىشىپ، شاد - خۇرام ئويناۋاتىدۇ. مەن دادامنى ئەسلەپ يىغلىدىم. ئۆتكەن يىلقى ھېيتتا دادام بىز بىلەن بىللە ئىدى. ماڭا يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغ ئېلىپ بەرگەن ئىدى. مەن خۇشال ئىدىم. دادام مۇشۇ يېقىندا پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە جىھادقا كەتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا غازات قىلىپ ئاخىرى شېھىت بولدى. ھازىر دادام يوق. مەن يېتىم قالدىم. مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتتىق تەسىرلەندى. كىچىك يېتىم قىزنىڭ بېشىنى شەپقەت بىلەن سىلاپ:

- بالام كۆز يېشىڭنى سۈرت، بېشىڭنى كۆتەر، ماڭا قارا... سېنىڭ داداڭ بولسام، ماقۇل دەمسەن؟... پاتىمە ئاچاڭ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار ئاناڭ بولسۇن بولامدۇ؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان كىچىك يېتىم قىز يىغلاشتىن توختاپ، تېگىرقاپلا قالدى. دېمەك. ئۆزى دەردىنى تۆككەن كىشى ئەسلىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەن - دە، ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، ”ماقۇل“ دېيىش ئۈچۈن بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.


پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا كىچىك يېتىم قىزنىڭ خوشلىقى ئىچىگە پاتماي قالغان ئىدى. كىچىك قىزنى تۇتۇپ ماڭغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق قوللىرىدىن ئۇ قىزنىڭ قەلبىگە گويا بەخت - سائادەت سۇلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ھېس تۇيغۇلار بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆيدىكىلەر بۇ يېتىم قىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. يۈز كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تارىدى. چىرايلىق كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ ياسىدى. قورسىقىنى تويغۇزدى. قولىغا ھېيتلىق پۇل بەردى. ئاندىن باشقا باللار بىلەن ئوينىسۇن دەپ سىرتقا چىقاردى. باللار چىرايلىق كىيىم كەيگەن، يۈزلىرىنى خۇشاللىقتا كۈلۈپ پارلاپ تۇرغان بۇ قىزغا ئىنتايىن ھەۋەسلەندى. بەزىلىرى چىدىيالماي:



www.munber.org

ـ ھەي كىچىك قىز! نېمە بولدى ساڭا؟ كۆڭلۈك نېمانچە خوش؟ دەپ سورىدى. كىچىك قىز كىيىملىرىنى ۋە ھېيتلىقنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭمۇ بىر دادام بار بولدى! ئۇ شۇنداق بىر دادىكى، دۇنيادا تەڭدىشى يوق... بۇنداق بىر دادىسى بار كىم خوش بولمىسۇن!... ھەممە قەلبى مېھىر ـ شەپقەت بىلەن تولغان ئائىشە ئانام بار. چېچىمنى تارايدىغان، كىيىممنى كەيدۈرىدىغان بىر پاتىمە ئاچام بار... بۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم بەك خۇش. دۇنيادا ئەڭ بەختلىكمەن...



نەسىھەتلەر:

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىم ھېيت كۈنى بالىلىرىغا يېڭى كىيىم كەيدۈرۈپ، چىرايلىق ياساپ قويسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ مۇ ئۇنى شۇنداق ياساپ قويىدۇ» دېگەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ نەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېتىملەرنى مېھمان قىلغان، ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىلگەن ئۆيدۇر» دېگەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشى جەننەتتە مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ» دېگەن.

## زاكات

**س: زاكات دېگەن نېمە؟**

ج: ئىسلامنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى زاكاتتۇر. لۇغەتتە "زاكات" ئىبارىسىنىڭ "پاكىزلىق، كۆپىيىش، بەرىكەت" قاتارلىق مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان.

دىنى ئاتالغۇدىكى زاكات ـ بايلىقى مەلۇم مىقدارغا يەتكەن كىشى يىلدا بىر قېتىم بېرىدىغان **%2.5** پۇل ـ مالغا قارىتىلغان.

زاكات ـ پۇل ـ مال بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ئۇلۇغ كىتابىمىز "قۇرئان كەرىم" دە ناماز بىلەن زاكات كۆپ قېتىم بىللە زىكىر قىلىنغان.

**س: كىملەر زاكات بېرىدۇ؟**

جاۋاب:

**1** ـ مۇسۇلمان.

**2** ـ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان.

**3** ـ بالاغەتكە يەتكەن.


www.munber.org

4 ـ زاكات بېرەلەيدىغان مىقداردا پۇل مىلىي بولغان كىشىلەرنىڭ زاكات بېرىشى پەرزدۇر.

س: نىساب (زاكات بېرىلىدىغان پۇل ـ مال) نىڭ ئۆلچىمى قانداق؟

ج: قەرزى يوق بىر كىشى 96 ـ گىرام ئالتۇنغا ياكى شۇنىڭغا چۇشلۇق پۇلغا ئىگە بولسا ئىسلام دىنىدا باي ھېسابلىنىدۇ. (ئەسكەرتىش، بەزى ماتېرىياللاردا ئالىملارنىڭ ئالتۇننىڭ گىرام سانى توغرىسىدا ئازراق پەرىقلىق قاراشلىرى ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ. بىلمەكچى بولغانلار تەپسىلىيرەك ئىزدىنىشى كېرەك.)

ھېكايە:



## باي بولۇشنى تىلىگەن سالەبەنىڭ ئاقىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىدىن سالەبە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشاتتى ۋە كۆپ ئىبادەت قىلاتتى. بىر كۈنى سالەبە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھقا دۇئا قىل، ماڭا كۆپ مال بەرسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ «ئى سالەبە! ھازىرقى ئەھۋالىڭغا ۋە قولۇڭدىكى پۇل مالغا شۈكرى قىل!» دېدى.


بۇ گەپ بىلەن سالابە قايتىپ كەتتى، ئەمما بىر مۇددەتتىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن كۆپ پۇل ـ مىلىم بولسىكەن دەيمەن، ئاللاھقا دۇئا قىل ماڭا كۆپ مال بەرسۇن، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى سالابە! ماڭا ئوخشاش بولۇشقا رازى ئەمەسمۇ ـ سەن؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر تاغلارنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشىنى تىلىگەن بولسام، تىلىكىم ئىجابەت بولاتتى. ئەمما مەن خالىمىدىم» دېدى. بۇ گەپ بىلەن سالەبە قايتىپ كەتتى. ئەمما بىر مۇددەتتىن كېيىن يەنە كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، ماڭا كۆپ مال بەرسە، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مال بىلەن پېقىر ـ يوقسۇللارغا كۆپ سەدىقە بېرىمەن، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاللاھقا شۈكرىسىنى ئادا قىلالمايدىغان ئاز مال، ھېسابىنى بېرەلمەيدىغان كۆپ مالدىن ياخشىدۇر، دېدى. سالەبە دۇئا تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



ـ ئى ئاللاھ! سالەبەگە كۆپ مال بەرگىن! دەپ دۇئا قىلدى.


سالەبە خوش بولۇپ كەتتى. بىر قوي ئالدى. بۇ قوي ناھايىتى تېز ئاۋۇدى. ئەمدى مەدىنە ئۇنىڭغا كىچىك كېلىشكە باشلىدى. مەدىنىدىن چىقىپ يېقىندىكى بىر يايلاقتا يەرلەشتى. بۇ كۈنلەردە

www.munber.org

پىشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇپ، باشقا نامازلار ئۈچۈن كېلەلمەيدىغان بولدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ماللىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. سالەبە يەنە بىر ئاز يىراقتا كېتىپ يەرلەشتى. ئەمدى بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە كېلەلمەيدىغان بولدى. پەقەت جۈمە نامىزىغىلا كېلەلەيتتى. ماللىرى داۋاملىق كۆپىيىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ جۈمە نامىزىغىمۇ كېلەلمەيدىغان بولدى. مەدىنىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەدىنىگە كېتىپ كەلگەن كارۋانلاردىن ئاڭلايتتى. بىر كۈنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

- سالەبە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ دەپ سورىدى. دوستلىرى:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سالەبە بىر قوي سېتىۋالغان ئىدى، ماللىرى ئاۋۇپ كەتتى، شۇڭا مال-ۋارانلىرىنى ئوتلىتىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يىراقلاشتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



- ئىسىت سالەبە! ئىسىت سالەبە! ھەي سالەبە! دەپ پىچىرلىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ بايلارنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىپ، كەمبەغەللەرگە ۋە موھتاجلارغا تارقىتىپ بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات يىغىشقا ئىككى كىشىنى مەسئۇل قىلدى. ئۇلارغا زاكات يىغىشقا مەسئۇل قىلىنغانلىقى يېزىلغان بىر تونۇشتۇرۇش بېرىپ:

- «سالەبەگە ۋە پالان - پۈكۈن كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ زاكات ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى. زاكات يىغىشقا تەيىنلەنگەن ئىككى كىشى سالەبەنىڭ يېنىغا بېرىپ زاكات بېرىشىنى ئېيتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى كۆرسەتتى. سالەبە:

- سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار "مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئېلىنىدىغان "خىراج" قا ئوخشاش بىر نەرسە ئوخشايدۇ. مەن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم، ھازىر كېتىپ ئىشلىرىڭلار تۈگىگەندە قايتا كېلىڭلار، دېدى.

زاكات بېرىشنى تەلەپ قىلىنغان باشا بىر كىشى بولسا زاكات يىغقۇچىلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇ تۆگىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى خىللاپ ئۇلارنى زاكاتقا ئايرىپ تەييارلاپ تەق قىلىپ قويىدى ۋە زاكات يىغقۇچىلار كېلىشى ھامان ئۇلارغا بەردى. زاكات يىغقۇچىلار ئۇنىڭ بۇ ئېسىل مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ:

- تۆگىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ، بۇلارنى بېرىشىڭنى خالىمايمىز، دېدى. ئۇ كىشى:



- ياق، بۇلارنى ئېلىڭلار، مەن بۇلارنى ئۆزەم چىن كۆڭلۈمدىن رازى بولۇپ بەردىم. بۇلارنى زاكاتقا ئايرىپ قويغان ئىدىم، دېدى. زاكات يىغقۇچىلار ئۇنىڭ بۇ ماللىرىنى ئالدى ۋە سالەبەنىڭ يېنىغا قايتا باردى. سالەبە:

- شۇ تونۇشتۇرۇشنى ماڭا تەكرار كۆرسىتىڭلار، دېدى. زاكات يىغقۇچىلار تونۇشتۇرۇشنى كۆرسەتتى.

www.munber.org

- سلەر تەلەپ قىلغان زاكات ”مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئېلىنىدىغان ”باجقا“ ئوخشايدۇ. ھازىر كېتىپ تۇرۇڭلار. مەن يەنە ئويلاپ باقاي - دېدى.



زاكات يىغقۇچىلار كېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن گەپ سورىماستىنلا «ئىست سالەبە!» دېدى. تۆگىلىرىنىڭ ئېسىلىنى تاللاپ زاكات بەرگەن ھېلىقى كىشىگە ماللىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشى (بەرىكەتلىك) ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

زاكات يىغقۇچىلار سالەبەنىڭ ۋە ھېلىقى كىشىنىڭ قىلغانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدى. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ سالەبەنى ئەيىبلەپ بىر ئايەت نازىل قىلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سالابەنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرەيلەن بار ئىدى. سالابە ھەقىدە نازىل بولغان ئايەتنى سالابەگە دەپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭغا :”ئىست ساڭا سالەبە!“ ۋەدەڭدە تۇرمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سېنى ئەيىبلەپ بىر ئايەت نازىل قىلدى - دېدى. سالەبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ۋە زاكات ماللىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ سەندىن زاكات ئېلىشىمنى مەنئى قىلدى، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ سالەبەنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى ۋە بېشىغا توپا چېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «بۇنى سەن ئۆزەڭ تەلەپ قىلدىڭ. ئىلگىرى سېنى بىر قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرسام، گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭ، بايلىق سېنى توغرا يولدىن ئازدۇردى. ھالبۇكى ئاللاھ ساڭا بەرگەن كۆپ مالدىن پېقىرلارنىڭ ھەققىنى بېرىشىڭ كېرەك ئىدى» دېدى.

**نەسىھەتلەر:**

1 - مال ۋە ئەۋلادنىڭ ياخشىسىنى تىلەش لازىم. ھېسابىنى بېرەلەيدىغان مال ۋە ئەۋلاتتىن ئاللاھ سىغىنىپ پاناھ تىلىشىمىز كېرەك.

2 - قول ئىلكىمىزدىكى نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشىمىز ۋە زاكىتىنى بېرىشىمىز لازىم. سالەبە: ”باي بولسام كۆپ سەدىقە بېرىمەن“ دەپ ۋەدە قىلغان تۇرۇقلۇق گېپىدە تۇرمىدە. بايلىق ئاللاھ ۋە ئىنسانلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك“.

**س: قەرزدار زاكات بەرسە بولامدۇ؟**

قەرزدىن باشقا سەرمايىسى زاكات بېرەلەيدىغان ئۆلچەمگە يەتكەن بولسا بېرىشى كېرەك.

**س: زاكاتنى ئىنكار قىلغان كىشى نېمە بولىدۇ؟**

زاكات - ئىسلامنىڭ بەش شەرتى (پەرزى) نىڭ بىرى. زاكاتنى ئىنكار قىلغۇچى ئىماندىن ئاجراپ كېتىدۇ. زاكاتنى ئىنكار قىلمىسا، ئەمما زاكات بەرمىسە، ئېغىر گۇناھ قىلغان بولىدۇ. زاكات بەرگەنلەر كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟**

www.munber.org

زاكات ـ مۇسۇلمانلارغا بېرىلىدۇ. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە سەدىقە بېرىلسىمۇ زاكات بېرىلمەيدۇ.

**زاكات بېرىلىدىغانلار:**

1 ـ پېقىر ـ يوقسۇللار: بۇلار دىنىمىزغا ئاساسەن باي ھېسابلانمايدىغان كىشىلەردۇر. ئىشلىسىمۇ يەنىلا تۇرمۇشتا قىيىنىلىۋاتقانلاردۇر.

2 ـ كەمبەغەل ـ نامراتلار: بۇلار ھېچقانداق نەرسىسى يوق يوقسۇل كىشىلەردۇر.

3 ـ قەرزدارلار: پۇللىرىنى نورمال خەجلىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلار.

4 ـ يولدا قالغان پاناھسىز ۋە پۇلسىز يولۇچىلار.

5 ـ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما مۇۋاپىق ئىمكان تاپالمىغانلار. زاكات يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن بىرىگە ياكى بىر قانچىسىگە بېرىلسە بولىدۇ. زاكاتنى يىغىپ ئۇنى ئېھتىياجلىق يەرلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە مەسئۇل ئورگانلارغىمۇ زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئاپتور بۇ يەردە زاكات بېرىشكە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر قانچە خىل ئورۇنلىرىنى مۇھىم دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن تىلغا ئالمىغان.

**س: كىملەرگە زاكات بېرەلمەيمىز؟**

جاۋاب:

1 ـ زاكات بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنىڭ سىرتىدىكىلەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

2 ـ ئاتا ـ ئانا بوۋا ـ موما (چوڭ ئانا ۋە چوڭ دادا) غا.

3 ـ باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە.

4 ـ ئېرىگە ياكى خوتۇنىغا زاكات بېرەلمەيدۇ.

**س: زاكات بەرگەندە ئالدى بىلەن كىملەرگە بېرىش كېرەك؟**

ئالدى بىلەن نامرات يېقىنلىرىغا بېرىش كېرەك. بۇلار: بىر تۇغقانلار، بۇ تۇغقانلارنىڭ باللىرى، تاغا، ھاماچا ۋە يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە باشقا ئۇرۇق تۇغقانلاردۇر.

**س: قايسىماللاردىن زاكات بېرىلىدۇ؟**

ج: زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ماللار شۇلاردۇر. ئالتۇن، كۈمۈش، پۇل، قوي، ئۆچكە، كالا، سۇ كالىسى ۋە تۆگە، تىجارەت ماللىرى ۋە تېرىقچىلىقتىن كەلگەن كىرىمدىنمۇ زاكات بېرىش كېرەك.

**س: زاكات بەرگەندە نىيەت قىلىش شەرتمۇ؟**

ج: پېقىر كىشىگە بىر مالنى بەرگەندە ياكى بېرىش ئۈچۈن ئايرىغاندا كۆڭلىدە ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى ئويلاش نىيەت ئۈچۈن كۇپايە، ئەگەر زاكات ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىمىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتسا، ئۇنداقتا ”بۇ سوغات“ دەپ بەرسەك بولىدۇ. ئەلۋەتتە كۆڭلىمىزدە ئۇنى زاكات دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

زاكات ۋە سەدىقىسىنى مەخپىي بېرىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇنداقتا پېقىر كىشىنىڭ ئىززەت غۇرۇرىغا تەگمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوڭ قولۇڭ بىلەن بەرگەن سەدىقىنى سول قولۇڭ بىلمىسۇن» دېگەن.

**س: زاكات بېرىشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟**

www.munber.org

جاۋاب:

1 ـ زاكات بەرگۈچى دىنى پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. مېلىنى ئاللاھ ئۈچۈن بېرىش ئارقىلىق ئاللاھقا مال بىلەن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ.

2 ـ زاكات يوقسۇللارنى مىللىي بايلىقتىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

3 ـ زاكات باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

4 ـ زاكات تىلەمچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

5 ـ زاكات باشقىلارنى ئويلايدىغان، شەخسىيەتسىز، خالىس، بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

6 ـ قەلب ۋە ۋىجداننى پاكىزلاپ، بېخىللىق، پىخسىقلىق قاتارلىق ناچار خۇيلارنى يوق قىلىدۇ.

7 ـ پېقىر، كەمبەغەلگە ياردەم ۋە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

8 ـ بايلىققا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئادالەتنى كېڭەيتىدۇ.

9 ـ جەمئىيەتتە تەكشۈرلۇق، مۇقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەت تىنچ بولىدۇ. بايلار ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇش، كەمبەغەللەرمۇ يالغۇز ۋە بىچارە قالمىغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم، جەمئىيەتتە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ.

10 ـ ئىمان بىلەن مەرتلىكنى بىرلەشتۈرگەن كىشى جەننەتكە ۋە ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ.

## زاكاتنىڭ مۇھىملىقى

زاكات ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن﴾ دېيىلگەن [سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماللىرىڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار، كېسەللىكلىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن ساقايتىڭلار، بالا ـ قازاغا دۇئا بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار» دېگەن.

ناماز بىلەن زاكات ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇلغان بىر پەرزدۇر.

ھېكايە:



### بۇلۇتتىن كەلگەن ئاۋاز

بىر كىشى چۆلدە سەپەر قىلىۋاتقان ئىكەن، ئاسماندىكى بۇلۇتلاردىن كەلگەن بىر ئاۋازنىمۇ ئاڭلاپتۇ. بۇ ئاۋاز: "پالانى كىشىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن!" دەپتۇ. كىشى ئاسمانغا قارىسا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بۇلۇت ئالدى تەرەپتىكى قىيالىق بىر

www.munber.org

يەرگە يامغۇر بولۇپ چۈشۈپتۇ. بۇ كىشى يامغۇر سۈيىنىڭ ئېرىق بولۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سۇنىڭ نەگە ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، سۇنى بويلاپ مېڭىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بېغىغا مۇشۇ سۇنى باشلاۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ:

- دوستۇم، ئىسمىڭىز نېمە؟ دەپ سوراپتۇ. باغقا سۇ باشلاۋاتقان كىشى:

- مېنىڭ ئىسمىم پالانى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئىسىم دەل شۇ بۇلۇتلاردىن ئاڭلىغان ئىسىم ئىدى. يولوچى كىشى بۇ ئىشقا قاتتىق ھەيران بوپتۇ. باغ ئىگىسى:



- ئىسمىمنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ دېگەن ئىكەن، يولۇچى كىشى يولدا كۆرگەن ئاڭلىغاننى باغ ئىگىسىگە سۆزلەپ:

- چۆلدە كېتىۋاتسام بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ”پالانى كىشىنىڭ بېغىنى سۇغار!“ دەپ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالغان بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يامغۇر سۈيىگە ئەگىشىپ مېڭىۋەردىم، بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. بېغىڭىزنى مۇشۇنداق سۇغارغۇدەك سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ بىلگۈم بار، دەپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى:

- بىلگىڭىز بولسا سۆزلەپ بېرەي، بېغىمدىن چىققان ھوسۇلنى ئۈچكە ئايرىپ، بىرىنى كەمبەغەللەرگە يولۇچىلارغا بېرىمەن، بىرىنى بالا - چاقىلىرىم بىلەن ئۆزەم يەيمەن. يەنە بىرىنى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويىمەن، دەپتۇ. يولۇچى كىشى باغ ئىگىسىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- دوستۇم، بېغىڭىزنىڭ ھوسۇلىنى مۇشۇنداق ياخشى ئايرىغان ئىكەنسىز، بۇلۇتلارمۇ بېكاردىن - بىكار سىزگە ياردەم قىلماپتۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشىلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىدۇ، دەپتۇ.

**نەسىھەتلەر:**

1 - سەدىقە - گۇناھلارنى يۇشىرىدۇ، بالا - قازالارنى يوق قىلىدۇ: (سەدىقە بالانى يەر) ئاللاھنىڭ ياردىمىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

2 - سەدىقە - پەقەت پۇل - مال بىلەنلا بېرىلمەيدۇ. قىلغان ھەر بىردۇئا بىر سەدىقە، ياخشىلىقا بۇيرۇش سەدىقە، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقە، كۈلۈمسىرەش سەدىقە، كىشىلەرنى خوش قىلىدىغان تاتلىق سۆزلەر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىسىگە خەجلىگەن پۇل سەدىقە، ئۇچار - قاناتلار ۋە جان - جانىۋارلار دەرەختىن پايدىلانسۇن دەپ دەرەخ تىكىش سەدىقە، ھەتتا يامان ئىش قىلماسلىقىمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

سەدىقە جارىيىلەر (جارى بولۇۋاتقان، داۋاملىشىۋاتقان سەدىقىلەر):

جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغانلىكى ھەر ئىشنى دىنىمىز سەدىقە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، مەسچىت، كۆۋرۈك، ئۆستەڭ، سۇ تۇربىسى قاتارلىقلارنى سېلىش، ياساش، ئورنىتىشتىن تارتىپ، يولدىكى بىر تال تاش، بىرتال تىكەننى ئېلىۋېتىش، مۇسۇلمانلارغا خۇشچىراي ئېچىپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى دىنىمىزدا سەدىقە جارىيە ۋە ساۋابتۇر. بۇ سەدىقە جارىيە ۋە ساۋاب ئىشلارنى قىلغۇچىلار تىرىك چاغدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا داۋاملىق ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەمەل دەپتىرى يېپىلىپ قالمايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغان ئوخشايدۇ. ئاللاھخالىغان بەندىسگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت].

### س: زاكات بەرمەسلىكنىڭ جازاسى نېمە؟

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئالتۇن ۋە كۈمۈش ماللارنى يىغىپ، ئۇنى يولىدا سەرپ قىلمىغانلارغا قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگىن، ئۇ كۈن ئۇلار جەھەننەم ئوتىغا تاشلىنىدۇ. ئوت بىلەن پېشانىسى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغىپ ساقلىغان نەرسىلەر، يىغىپ ساقلىغان نەرسىلەرنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾.




www.munber.org




www.munber.org

# تاز، قارىغۇ، ئاق كېسەل



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىدىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدا بىرى تاز، بىر قارىغۇ (ئەما)، بىرى ئاق كېسەل (تېرە كېسىلى) ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئاللاھ بۇلارنى سىناش ئۈچۈن، بۇلارغا بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسەل كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟

گۈزەل رۇخسار، ھۆسنى جامال، چۈنكى ئىنسانلار مېنى سەت دەپ ياقتۇرمايدۇ. دەپتۇ ئاق كېسەل كىشى.

پەرىشتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سىلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ سەتلىكى يوقىلىپ، رەڭگى ـ رۇخسارى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ئاندىن پەرىشتە:

ـ قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرسەن؟ دەپتۇ. تېرە كېسىلىدىن قۇتۇلغان بۇ كىشى:

ـ تۆگىنى، دەپتۇ.

بۇ كىشىگە بوغاز بولغىنىغا ئون ئاي بولغان بىر چىشى تۆگە بېرىلىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

ـ ئاللاھ ساڭا بۇلارنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرسۇن، دەپ دۇئا قىلىپ غايىب بوپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

ـ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

ـ بېشىمغا بىر چاچ چىقسا، تاز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھېچكىم مېنى ياقتۇرمايدۇ، دەپتۇ.

پەرىشتە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپتىكەن، ئۇنىڭغا چىرايلىق چاچ چىقىپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن:

ـ قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرسەن؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ:





www.munber.org

- كالنى بەك قايسى ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ.

ئاللاھ ئۆنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ بۇ كالنى ساڭا بەرىكەتلىك قىلسۇن! دەپ دۇئا قىپتۇ ۋە قارىغۇ كىشىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭدىن:

- ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئاللاھ كۆزۈمنى ئاچسا، ئىنسانلارنى كۆرسەم، دەپتۇ، قارىغۇ كىشى. پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىلاپتۇ ۋە كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. پەرىشتە قارىغۇ كىشىدىن:

- قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرسەن؟ دەپ سوراپتۇ. قارىغۇ كىشى:


- قوينى ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر قوزىلاشقا ئاز قالغان قوي بېرىپتۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن توگە بېرىلگەن كىشىنىڭ تۆگىسى بوتىلاقلاپتۇ. كالا بېرىلگەن كىشىنىڭ كالىسى مۇزايلاپتۇ. قوي بېرىلگەن كىشىنىڭمۇ قويى قوزىلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆگە ئالغان كىشىنىڭ بىر توپ تۆگىسى، كالا ئالغاننىڭ بىر توپ كالىسى، قوي ئالغاننىڭ بىر توپ قويى بوپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى پەرىشتە بۇ ئۈچ كىشىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن كەپتۇ. ئالدى بىلەن ئاق كېسەل كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:



- مەن بىر نامرات، غېرىب، ياقا يۇرتلۇق كىشى، يولدا پۇلۇم تۈگىدى. ۋەتىنىمگە كېتەلمىدىم، بۈگۈن ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ، ئاندىن كېيىن سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا گۈزەل رەڭگى رۇخسارى ۋە ھۆسنى جامال، كۆپ مال بەرگەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ماڭا بىر تۆگە بەرسەڭ، شۇ تۆگىگە مىنىپ ۋەتىنىمگە كەتسەم، دەپتۇ. ئىلگىرى تېرە كېسىلى بولغان بۇ كىشى:

ياخشى، ئەمما نامراتلار بەك كۆپ، ھەر تىلەمچىگە بىر تۆگە بەرگىلى بولمايدۇ، دەپتۇ. پەرىشتە:

مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. سەن شۇ ئىلگىرى كىشىلەر يىرگىنىدىغان تېرە كېسىلى بار كىشى ئەمەسمۇ؟ سەن نامرات ئىدىڭ، بۇ ماللارنى ساڭا ئاللاھ بەرگەن ئىدى، دەپتۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن ئاق كېسەل كىشى:




ياق، قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ماللار ماڭا ئاتا - بوۋامدىن مىراس قالغان - دەپتۇ، پەرىشتە:

ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە ياندۇرىۋەتسۇن، دەپتۇ. كېيىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاق كېسەل كىشىگە دېگەن گېپىنى تەكرارلاپتۇ. تازمۇ ئاق كېسەل رەت قىلغاندەك رەت قىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

www.munber.org

ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا ئاللاھ گېپىڭ يالغان بولسا ئاللاھ سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن، دەپ بەد دۇئا قىلىپتۇ. بۇ قېتىم پەرىشتە كۆزىنى ئاچقان قارىغۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:




مەن نامرات ۋەتىنىمدىن يىراقتا قالغان غېرىپ بىر ئادەممەن، يولدا پۇلۇم تۈگەپ كەتتى ۋە يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم. بۈگۈن مېنىڭ يۇرتۇمغا كېتەلىشىم، ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا كۆزلىرىڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرسەڭ، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرسام، دەپتۇ قارىغۇ كىشى پەرىشتىگە:

ـ ھەقىقەتەن مەن قارىغۇ ئىدىم. ئاللاھ كۆزۈمنىڭ نۇرىنى ماڭا قايتا بەردى. نامرات ئىدىم. ئاللاھ مېنى باي قىلدى. مانا بۇلار قويلىرىم. خالىغانچە ئال، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەندىن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلساڭ، ھەممىسىنى بېرىمەن، دەپتۇ.

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

ـ مال ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، ئاللاھ ئۈچۈن كىشىنى سىنىدى. يالغۇز سەن سىناقتىن ئۆتتۈڭ! ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. باشقا ئىككى دوستۇڭ ئاق كېسەل بىلەن تاز ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىدى، دەپتۇ ۋە غايىب بوپتۇ.



نەسىھەتلەر:

1 ـ شۈكۈر نېمەتنى كۆپەيتىدۇ. ناشۈكۈرلۈك بولسا نېمەتنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

2 ـ نېمەتنى بەرگۈچى ۋە تارتىپ ئالغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. نېمەت قولدىكى چاغدا موھتاجلارغىمۇ بېرىش كېرەك.

## ھەج

س: ھەج دېگەن نېمە؟

ج: ئىسلام دىنىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرسى ھەجگە بېرىشتۇر. بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىتتا كەبىنى ۋە ئەتراپىدىكى بىر قىسىم مۇقەددەس يەرلەرنى قائىدىسىگە مۇۋاپىق ھالەتتە زىيارەت قىلىش ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

س: ئۆمرە دېگەن نېمە؟

ج: خالىغان بىر ۋاقىتتا كەبىنى قائىدىسىگە ئۇيغۇن زىيارەت قىلىش ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

www.munber.org

بەلگىلگەن (مۇقىم) بىر ۋاقىتتا ئەرەفاتتا تۇرسا بۇ ھەج بولىدۇ. خالىغان بىر ۋاقىتتا ۋاقىفسىز بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ۋە قوشۇمچە ئىبادەتلەرنى قىلىش بولسا بۇ ئۆمرە بولىدۇ.

**س: ھەجنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟ (قەتئىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟)**

جاۋاب:

1 ـ ئېھرامغا كىرىش.

2 ـ ئەرەفاتتا تۇرۇش.

3 ـ كەبەنى تاۋاب قىلىش.

ئەرەفات: ھەزرىتى ئادەم، يەريۈزىدە ھىندىستانغا (سەرەندىپ ئارىلىغا) ھاۋۋا ئانىمىز جىددىگە چۈشۈرۈلگەن، ئۇلار دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىغا چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن بىر ـ بىرىنى ئىزدىگەن. ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئىككىسى ئۇچراشقان بۇ يەر ئەرەفات دەپ ئاتالغان.

ئۆز ۋاقتىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋىدا ھەججىدە ۋىدا خۇتبىسىنى بۇ يەردە ئوقۇغان.

ۋاقىپە: تۇرۇش، ساقلاش دېگەن مەنىدە. ئەرەفات ئىسمى بېرىلگەن يەردە قۇربان ھېيتتىن بىر كۈن ئىلگىرى تۇرغان يەر بولىدۇ. بۇ يەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىبادەت ۋە دۇئالار قىلىنىدۇ.

كەبە: مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا قارايدىغان تەرەپتۇر. بۇ ھەرزىتى ئادەم ياسىغان تۇنجى ئۆي ۋە يەريۈزىدە تۇنجى ياسالغان تۇنجى ئىبادەتخانىدۇر. ئورنى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە يېڭىدىن بىنا قىلغان.

تاۋاپ: كەبىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان ھەجەرىل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىدىن ھەجەرۇلئەسۋەدكە قاراپ سالام بېرىپ باشلىنىدىغان ۋە تەكرار ئەسلىدىكى ئورۇنغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مەلۇم دۇئالار ئوقۇلۇپ كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىش بىر شاۋىد دېيىلىدۇ. كەبەنىڭ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىشنى بىر تاۋاپ دەيمىز.

سەئيى: ھەزرىتى ھاجەرنىڭ سۇ، يېمەك ۋە ئادەم ئىزدەش ئارزۇسى بىلەن سافا ۋە مەرۋە ئېگىزلىكى ئارىسىدا يەتتە قېتىم كېلىپ ـ كېتىشى سەۋەبىدىن بۇ ئېگىزلىكلەر ئارىسىدا يەتتە قېتىم كېلىپ ـ كېتىشنى سەئيى دەيمىز.

**س: ھەج كىملەرگە پەرز؟**

ئىمكانى يەتكەن بىر مۇسۇلمان ھاياتىدا بىر قېتىم ھەجگە، بېرىشى لازىمدۇر. بىر كىشىنىڭ ھەجگە بېرىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر بولۇشى كېرەك.

1 ـ مۇسۇلمان، ئەركىن، ئەقلى ـ ھوشۇدا جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك.

2 ـ ھەجگە بېرىپ كەلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلغان بولۇشى كېرەك.

3 ـ يول خىراجىتىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە باي بولغان بولۇشى كېرەك.

4 ـ تىنى سالامەت بولۇشى كېرەك.

5 ـ يول خاتىرجەم (بىخەتەر) بولۇشى كېرەك. يەنى يولدا ئۇرۇش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ بولماسلىقى قاتارلىقلار.



www.munber.org

6 ـ ئايال كىشىنىڭ يېنىدا ئېرى، ئاكا ـ ئۇكىسى، دادىسى، تاغىسى ۋە ئانىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش يېقىن تۇغقىنى بولۇشى كېرەك.

**س: ھەج قانداق بىر ئىبادەتتۇر؟**

ج: ھەج بەدەن ۋە مال بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

**س: ئېھرامغا كىرىش دېگەن نېمە؟**

ج: ئېھرام. بەدەننىڭ بەلدىن تۆۋەن قىسمىغا ئورالغان ئۇزۇن بىر رەخت بىلەن ئۈستىگە ئورايدىغان چوڭراق بىر پارچە رەختتۇر.

ئاياللار ئېھرامنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن بىر كىيىم كىيىدۇ.

ئېھرام بەزى نەرسىلەرنى ئۆزىگە ۋاقىتلىق ھارام قىلىشتۇر. مەسىلەن: تىرناق ئېلىش، چاچ ئالدۇرۇش ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە زىيانداش ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش، زىبۇ زىننەت سېلىش، ئۆسۈملۈك ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە زىيان سېلىش ۋە ئوتلارنى يۇلۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئېھرامغا كىرگەندە چەكلىنىدۇ.

**س: ئېھرام ئۈچۈن نىيەتنى قىلىش كېرەكمۇ؟**

ج:

1 ـ مىقات دېيىلىدىغان يەردە نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىش كېرەك.

ئېھرامغا كىرىلىدىغان يەرلەر مىقات دېيىلىدۇ.

2 ـ تەلبىيە ئوقۇش كېرەك.

**س: تەلبىيە دېگەن نېمە؟**

ج: لەببەيكە ئاللاھۇممە، لەببەيكە، لەببەيكە لاشەرىكە لەك لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلۈك لاشەرىكە لەكە لەك

مەنىسى: ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ ئەمرىڭگە ھەر ۋاقىت ئىتائەت قىلىمەن، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر. چاقىرىقىڭغا ساداقەت بىلەن كېلىمەن. شۈبھە يوقكى ماختاش، نېمەت ۋە مۈلۈك ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر.

**ھېكايە:**


## دىپلومى بار ھاجى

باغدات شەھىرىنىڭ بايلىرى ھەجگە بېرىشقا نىيەت قىلىپ، تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلارنىڭ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىغا زوقى كەلگەن ئاقكۆڭۈل، پېقىر بىر گىلەمچى ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ شۇلار بىلەن مەنمۇ ھەجگە باراي، ئۇلارنىڭ ماللىرى بولسا مېنىڭ ئاللاھىم بار، ماڭا ئۇزۇق بېرەر ۋە ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئازلاتماس، مەنمۇ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭاي دەپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىپتۇ. ھەج ئۆمىكى باغداتتىن يولغا چىقىدىغان كۈنى كەينىدىن ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ.

www.munber.org

شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ھەج ئۆمەكلىرىنى ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. كەمبەغەل گىلەمچىنىڭ ئۆمەككە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوشنىلاردىن بىرسى تۆگىنى ھەيدەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:




- خوشنام سەنمۇ ھەجگە كېتىۋاتامسەن؟ دەپ سوراپتۇ.

گىلەمچى سەممىي ھالدا:

- ھەئە، سىلەرگە قاراپ زوقۇم كەلدى، ھەۋەسلەندىم، مەنمۇ بېرىپ رەببىمنىڭ ئۆيىنى ئاللاھ نېسىپ قىلسا زىيارەت قىلاي، دەپتۇ. خوشنىسى ئۇنى مازاق قىلىپ - ئۆلگىدەك يوق، يېمەك - ئىچمەكلىك يوق، ھەج بولمىغاندا بىرئاز پۇلۇڭ بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

گىلەمچى ئويلانماستىنلا:



- رەببىم مېنى ئۇزۇقلاندۇرار، ئاللاھ تائالا ئالەملەرنىڭ رىزىق بەرگۈچىسىدۇر. ھەممىمىز ئۇنىڭ خەزىنىسىدىن يەۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خوشنىسى گىلەمچىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ ۋە بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. گىلەمچى خوشنىسى بىلەن قايتا ئۇچراشماپتۇ. مەككىگە بېرىپتۇ، كەبىنى تاۋاپ قىلىپتۇ. ئەرەفاتتا دۇئا قىلىپ قايتىپ ۋىدا تاۋىپىنى قىلغاندىن كېيىن ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىش ئەچۈن مەككىدىن ئايرىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەج ئىبادىتى قىلىپ قايتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان گىلەمچىنى كۆرگەن خوشنىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: خوشنام، كەبىنى تاۋاپ قىلدىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. گىلەمچى:

- رەببىمگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى مېنىڭ يۈزۈمنىڭ قارىلىقىغا قارىماستىن مەندەك ئاجىز قۇلغا بۇ مۇقەددەس ماكاننى زىيارەت قىلىش ئىمكانى بەردى. كەلدىم، سالامەت تاۋاپ قىلدىم، ئەمدى دۆلىتىمگە قايتىمەن دەپتۇ. خوشنىسى:

- ساڭا ھەججىڭنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تونۇشتۇرۇش بەردىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، گىلەمچى:

قانداق بىر تونۇشتۇرۇش بېرىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ. خوشنىسى:

- كەبىنى زىيارەت قىلغان كىشىگە دوزاختىن قۇتۇلغانلىقىغا دائىر بىر تونۇشتۇرۇش بېرىدۇ. بىزنىڭ بەلگىمىز بار دېيىشىگە، ئاقكۆڭۈل گىلەمچى خوشنىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ يىغلىغان پېتى تىزلىك بىلەن مەككىگە قايتىپتۇ.

www.munber.org

گىلەمچىنىڭ خوشنىسى قىلغان بۇ ئىشلىرى بىلەن بولدى قىلماي، بولغان ئەھۋالنى سەپەرداشلىرىغا خۇشاللىق ئىچىدە ئېيتىپ بېرىپتۇ. سەپەرداشلارنىڭ ھەممىسى گىلەمچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈلۈشۈپ يوللىرىغا داۋام قىپتۇ.

گىلەمچى تېزلىكتە كەبىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىنى كەبىنىڭ ئىشىكىگە قويۇپتۇ. يۈز كۆزلىرىنى يەرگە سۈرتۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئى رەببىم! سېنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچۈڭ يېتىدۇ. سەن ناھايىتى مەرت، ھەممە ئىنسانلارغا رىزىق بېرىسەن. باشقا قۇللىرىڭغا دورزاختىن قۇتۇلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تونۇشتۇرۇش بېرىپسەن، مەن قۇلۇڭغا بۇ بەلگە بېرىلمىدى، مەن كەچۈرۈم قىلىنمىدىممۇ؟ دەپ كۆز ياشلار ئىچىدە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىپ ھوشۇدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر كىشى كېلىپ:

- كۆتۈر بېشىڭنى، ئى ئاللاھنىڭ قۇلى! كەچۈرۈم تونۇشتۇرۇشۇڭنى قۇلۇڭغا ئېلىپ سەپەرداشلىرىڭغا يېتىش، دەپتۇ. گىلەمچى ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە قولىدا بىر تونۇشتۇرۇش بار بولۇپ بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ قەغىزى دۇنيادىكى قەغەزلەرگە قەتئىي ئوخشىمايدىكەن. گۈزەل پۇرىقىدىن كۆڭۈل خۇش بولىدىكەن. تونۇشتۇرۇشنى سۆيۈپتۇ ۋە بېشىغا قويۇپتۇ. يۈز ـ كۆزىگە سۈرتۈپ دىققەت بىلەن قوينىغا ساپتۇ ۋە تەكرار يولىغا داۋام قىلىپتۇ.

مەلوم ۋاقىتتىن كېيىن سەپەرداشلىرىغا يېتىشىپتۇ. ئۇلار ھازىرغىچە بۇ چاقچاق ھەققىدە گەپلىشىپ ئاقكۆڭۈل گىلەمچىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن كۈلۈشۋاتقان ئىكەن ۋە يېنىغا كەلگەن گىلەمچىدىن:



- كەچۈرۈم تونۇشتۇرۇشىڭنى ئالدىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

- ھەئە، ئالدىم دەپتۇ. يېقىن خوشنىسى گىلەمچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ئۇ تونۇشتۇرۇشۇڭنى بەر، كۆرۈپ باقايلى! دەپتۇ.

گىلەمچى ھۆرمەت بىلەن خوشنىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن قورققان ھالەتتە تونۇشتۇرۇشنى قوينىدىن ئېلىپ خوشنىسىغا بېرىپتۇ ۋە

- سېنىكى بىلەن بىرگە تۇرۇسۇن، دەپتۇ. خوشنىسى گىلەمچىنىڭ بەرگەن كەچۈرۈم قەغىزنى ئېلىپ كۆرۈپتۇ. خوشنىسى گىلەمچىنىڭ بەرگەن كەچۈرۈم قەغەزنى ئېلىپ قاراپتۇ. قارىسا قەغەز يېشىل، يېزىقى ئاق نۇردىن، پۇرىقىنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ. خوشنىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋاقىراپ كېتىپ ئۆزىنى قىچىرىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئېتىپتۇ. ئەقلى ـ ھوشىدىن

www.munber.org

كېتىپتۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ گىلەمچىنىڭ قەغىزىنى يۈز ـ كۆزىگە سۈرتۈپتۇ:

ـ ئىست ـ ئىست، مېنىڭ ئۆتكەن ئۆمرۈمگە، بىكارغا ئۆتكۈزۈپتىمەن دەپ ئاھ ـ ۋاھ ئېيتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ـ ئاھ شۇ گىلەمچى خوشنامغا ئوخشاش كەمبەغەل ۋە سادىق بولغان بولسام، كاشكى مېنىمۇ ئالدىغان بولسا، ئۇ ئېرىشكەن سائادەت ۋە شەرەپكە مەنمۇ ئېرىشكەن بولسام، دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ.

كەمبەغەل گىلەمچى ئاللاھقا بولغان ئاشقى، سۆيگۈسى بىلەن بۇ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىنى مەسخىرە قىلغانلار ھەجگە مېڭىۋاتقاندا مەسخىرىلىك بىلەن:

ـ ھېچنېمەڭ بولمىسىمۇ بىرئاز پۇلۇڭ يوقمۇ؟ دېگەن ئىدى. ئەمما ھازىر پۈتۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى، ئالتۇن، مەرۋايىتلىرىنى سەرپ قىلىپمۇ بۇ سائادەتكە ئېرىشەلمەپتۇ. ئاخىرىدا ھاجىلار باغداتقا قايتىپتۇ. گىلەمچىمۇ خوشنىسىغا:

بۇ تونۇشتۇرۇش سەندە قالسۇن، ۋاپات بولغان، ۋاقتىمدا كېپىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ بىللە دەپنە قىلارسەن، دەپتۇ. خوشنىسى بۇ ۋەسىيەتكە ئاساسەن بەلگىنى ساندۇقىغا قويۇپ قۇلۇپلاپتۇ. تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن تىجارەت سەۋەبى بىلەن باشقا شەھەرلەرگە كېتىپتۇ، ئۇ باغداتتا بولمىغان ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ بۇ گىلەمچى مۆمىن بەندىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. جىنازىسى قىلىنىپتۇ.

بىر مۇددەتتىن كېيىن گىلەمچىنىڭ خوشنىسى قايتىپ كەپتۇ ۋە گىلەمچىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقۇپ ئاھ ـ پەريات قىپتۇ.

ـ ئاپلا! مەندە ئۇنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىيالمىدىم، ئامانەتكە خىيانەت قىلدىم. مەن نېمدېگەن ناچار خوشنا، ئۇ ئاخىرەتكە كەتتى، تونۇشتۇرۇشى مەندە قالدى، دەپ يىغلاپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ. ساندۇقىغا قارىسا تونۇشتۇرۇش يوق، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئاخىرىدا قەبرىنى ئېچىپ قاراپ باقاي دەپتۇ ۋە بىرسى تونۇشتۇرۇشنى ئېپ گىلەمچىگە بەرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قەبرە يېنىغا كەپتۇ. قەبرىنى ئېچىۋاتقان ۋاقتتا بىر ئاۋاز كېلىپ:



ـ توختا، قەبرىنى ئاچما، بىز ئۇنىڭ بەلگىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى يالغۇز قويمايمىز، تونۇشتۇرۇش ئورنىغا كەلدى ۋە ئېگىسىگە بېرىلدى دەپتۇ. گىلەمچىنىڭ خوشنىسى بۇ ئاۋازدىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپ تۇرغان يېرىگە يىقىلىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قارىسا گىلەمچى خوشنىسىغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ:

ـ قىممەتلىك خوشنام!... ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن ۋە ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇنكى ئۇ تونۇشتۇرۇش ماڭا كەلدى. مۇنكىر ۋە نەكىر ئىسىملىك پەرىشتىلەرگە كۆرسەتتىم. ماڭا بىر نەرسە دېمىدى، ئەمما مەن تونۇشتۇرۇشۇمنى سېنىڭ سايەڭدە ئالدىم. ئەگەر سەن ماڭا:

www.munber.org

قايتقىن، تونۇشتۇرۇشۇڭنى ئال دېمىگەن بولساڭ مەن تونۇشتۇرۇسسىز قالغان بولاتتىم، دەپتۇ.

**س: ھەجنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن قانداق ئەھمىيىتى بار؟**

1 ـ تىلى، ئىرقى ۋە رەڭگىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارىماي ئوخشاش غايە ۋە ئوخشاش ئەقىدە ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇش قېرىنداشلىق سۆيگۈسىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مۇسۇلمان جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئېلىم ـ سېتىم قىلىش ۋە ئۆزئارا دەرتلىشىشىگە ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ.

2 ـ ھەج، دىن قېرىنداشلىقىنى ئەڭ گۈزەل ئىپادە قىلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

3 ـ سەپەردە ئوخشاش بولمىغان يەرلەگە بېرىپ ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ بولىدۇ. سەپەردە تارتىلغان جاپالار ئىنساننى پىشىپ يېتىلدۈرىدۇ.

4 ـ باي ـ كەمبەغەل پۈتۈن ھاجىلارنىڭ بىرخىل قىياپەت بىلەن ئىبادەت قىلىشى ھەممە كىشىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاق رەخت (ئېھراملىق) ئىچىدىكى يېرىم ئوچۇق قىياپەت بىلەن يىغىلىشىش مەھشەردىكى چوڭ يىغىلىشنى ئەسلىتىدۇ.

5 ـ ھەجدىن ئىلگىرى قەرز تۆلەنگەنلىكى، قازا ۋە نەپلە ناماز ئوقۇلۇپ داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى قەرزلەر ئاز قالىدۇ.

6 ـ ھەج شەخستە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، ھەج قىلغان كىشى جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي ئىبادەت قىلىشنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ.

7 ـ ھەج، قۇل ھەققىدە باشقا پۈتۈن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

8 ـ مىليونلىغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن روھقا خۇشاللىق ۋە كۆتىرەڭگۈلۈك ئاتا قىلىدۇ.

9 ـ دۇنيا ئالدىراشچىلىق ۋە مەشغۇلىيىتىدىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. قەلبنى ماددا ۋە نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىدىن تازىلايدۇ.

10 ـ ھەج، ئاخىرەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنىدۇر. ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ.

**س: ھەج قانداق قىلىنىدۇ؟**

ج: ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم ھالالدىن تاپقان پۇلى بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىشى، قازا قىلغان ئىبادەتلىرىنى تاماملاشقا تىرىششى، تەۋبە، ئىستىغپار ئېيتىشى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن نىيەت قىلىپ ئائىلىسى بىلەن رازىلىششى كېرەك.

ئۇندىن كېيىن مىيقات يەرلىرىدە يۇيۇنۇپ، پاكىزلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامغا كىرىدۇ. ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ: ”ئى رەببىم! مەن ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇنى ماڭا ئاسان قىل ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلىدۇ. كېيىن تەلبىيە ئېيتىدۇ. پات ـ پات تەلبىيە ئېيتىدۇ. مەككىگە بېرىشىنىڭ ئالدىدا يۇيۇنىدۇ ياكى تاھارەت ئالىدۇ. دۇئا قىلغاچ مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ. كېيىن ساپا ۋە مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىپ كېلىدۇ. ھېيتتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئەرەفات كۈنىدىن بىر كۈن ئىلگىرى بامدات نامىزىنى مەككىدە ئوقۇپ مىناغا چىقىدۇ . ئەرەفات كۈنى ئەتىگەن ئەرەفاتقا ھەرىكەت قىلىدۇ. كۈن پاتقۇچە ئەرەفاتتا تۇرۇشنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۇرىدۇ. ناماز شامنى مۇزدەلىپەدە خۇپتەن بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ. كېچىنى مۇزدەلىپىدە ئۆتكۈزىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى جەمرەئى ئەقەبە (چوڭ شەيتان) گە يەتتە

www.munber.org

تاش ئاتىدۇ. چاچ ئالدۇرىدۇ. خالىسا بۇ كۈنى قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ. تەلبىيە ئېيتىشنى توختىتىدۇ. ئايالىغا يېقىنلىشىشتىن باشقا ھەممە ئىش ھالال بولىدۇ. كەئبىگە كېلىپ زىيارەت تاۋاپىنى قىلىدۇ. ھېيتنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، ۋە تۆتىنچى كۈنى ئۈچ كۈن بولۇش شەرتى بىلەن مىنادا تۇرىدۇ. جەمرەتۇلئۇلا (كىچىك شەيتان)، جەمرەتۇلۋۇستا (ئوتتۇرانچى شەيتان)، جەمرۇتلئەقەبە تەرتىپى بويىچە ھەربىرىگە ئايرىم - يەتتە دانىدىن تاشنى ئېلىپ شەيتانغا ئاتىدۇ.

ئەگەر دۆلىتىگە تېزدىن قايتىشنى خالىسا ۋىدا تاۋاپىنى ئادا قىلىدۇ. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. زەمزەم سۈيىدىن ئىچىدۇ. خالىسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە بارسا بولىدۇ.

**س: شەيتان دەپ كۆرسىتىلگەن بۈيۈك تۈۋرۈكلەرگە نېمە ئۈچۈن تاش ئېتىلىدۇ؟**

ج: بىر - بىرىگە **100** - **150** مېتىر مۇساپىدىكى ئۈچ يەرگە تىكلەنگەن ئۈچ تاش تۈۋرۈك، بىر نىشاننى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ تاش تۈۋرۈك، ئۈچ جەمرە (ئۈچ شەيتان). ئەسلىدە بۇ تاشلار بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە مۇنداق سۆزلىشەتتى:

بۇ يەرگە كەلگەن بىر قىسىم نامرات ھاجىلار شەيتان دەپ ئويلاپ شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ئورنىغا بىزنى ئوخشىتىپ بىزگە تاش ئاتىدۇ. ئەمما ھەجرۇلئەسۋەد ئاللاھ يارىتقان قانداق تاش بولسا، بىزنىمۇ ئاللاھيارىتقان، ۋە بىزمۇ ئاللاھتىن قورقىمىز. ھەجرۇلئەسۋەدنى پەقەتلا تاش دەپ ئۇلۇغلاپ مۇقەددەسلەشتۈرۈش خاتا بولسا بىزلەرنى پەس كۆرۈپ، دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ بىزلەرگە تاش ئېتىش ئوخشاشلا خاتادۇر.

بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز سىلەرگە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بىزنى ئەمەس، بىز كۆرسىتىپ بەرگەن شەيتانلارغا تاش ئېتىشىڭلار كېرەك.

ئۈچ جەمرىلەرنى يەنى شايتانلارغا تاش ئاتقان ۋاقىتىڭلاردىكى مۇئامىلىڭىز قانداق بولسا، ھاياتىڭىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئۇچرىشىدىغان ھەر شايتانغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىڭلار، شەيتاننىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشماي رەت قىلىشىڭلار كېرەك.

**س: ھەجدە ئېھرامغا كىرگەنلەرگە چەكلەنگەن ئىشلار قايسىلار؟**

جاۋاب:

**1** - تىكىلگەن كىيىم كىيىشكە بولمايدۇ. (ئاياللار تىكىلگەن كىيىم كىيىشى كېرەك).

**2** - ئايالى بىلەن جىنسىي يېقىنلىق، سۆيۈش، سىلاش، شەھۋەت بىلەن تۇتۇشقا بولمايدۇ.

**3** - خۇشبوي پۇراق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**4** - ئۇۋ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشقا ۋە ئوۋچىغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

**5** - يېشىل دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈزۈشكە ياكى يۇلۇشقا بولمايدۇ.

**6** - چاچ ئالدۇرۇشقا ۋە چاچلارنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

**7** - تىرناق ئېلىشقا بولمايدۇ.

www.munber.org

# مەقامى ئىبراھىم

ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئوغلى ئىسمائىل كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

- ھەجنى ئىنسانلارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇقتۇرغىن، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- نېمە دەپ ئۇقتۇرىمەن؟ دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئىنسانلار! رەببىڭىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭلار! دەپ خىتاب قىلىپ ئۇقتۇرغىن، دېدى ۋە بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم:

- ئى رەببىم! مېنىڭ ئاۋازىم ئىنسانلارغا قانداق يېتىپ بارىدۇ؟ دېدى.

جانابى ئاللاھ: سەن چاقىرغىن، ئۇنى ئىنسانلارغا ئاڭلىتىش ماڭا ئائىت - دېدى. ھەزرىتى ئىبراھىم "ماقامى ئىبراھىم" دەپ ئاتالغان ئىسكەلە تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۈگۈن كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان شەكىلدە، مۆجىزە سۈپىتىدە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىككىلى ئايىغى تاشقا كۆمۈلدى. ھازىر ئەينەك بىر پانۇس ئىچىدە كەبىنىڭ يېنىدۇ تۇرۋاتىدۇ.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈستىگە دەسسىگەن بۇ تاش يۇقىرىلاپ، يۇقىرىلاپ تاغلاردىن ئېگىز بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋاقىتتا يەر - زېمىن، تاغ - دەريالاردىن قىسقىراپ بىر يەرگە جەم بولدى. ھەزرىتى ئىبراھىم بارماقلىرىنى قۇلىقىغا تىقىپ، ئوڭ - سولغا، شەرق ۋە غەربكە قاراپ:

- ئى ئىنسانلار! كەبىگە كېلىپ ھەج قىلىشىڭلار سىلەرگە پەرز قىلىندى، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭلار! دەپ خىتاب قىلدى. ھەر تەرەپتىن "لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك" دېگەن ئاۋازلار كەلدى.

**ھېكايە:**

# زەمزەمنىڭ چىقىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسى پەلەستىندە ياشايتتى، ئاللاھ تىن ھەزرىتى ئىبراھىمگە ئەمر كەلدى. ئايالى ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى بۈگۈنكى كەبىنىڭ جايلاشقان يېرىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەر ئىنسان ياشىمايدىغان بىر چۆل ئىدى. ئۆسۈملۈك نە ئىنسان يوق ئىدى.




ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈچۈن بۇ يېڭى بىر ئىمتىھان ئىدى. چۈنكى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئاللاھ نېسىپ قىلغان سۆيۈملۈك ئوغلى ۋە ھۆرمەتلىك ئايالىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۈچۈن بۇ ئىنسانسىز يەرگە تاشلاپ كېتەتتى. ئاللاھ ياردەم تىلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ھەزرىتى ئىبراھىم، ئائىلىسى چوڭ بىر ياغاچنىڭ يېنىغا قويۇپ

www.munber.org

قويغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن يىراقلىشىشقا باشلىدى.

بۇ سۇسىز، قاقاس تەنها يەردە بوۋاق بالىسى بىلەن قالغان ھەزرىتى ھاجەر ھەيران قالغان ئىدى. بۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ھەزىرىتى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى:

- ئى ئىبراھىم! بىرمۇ ئىنسان يوق بولغان بۇ يەردە بىزنى تاشلاپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ دېدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئارقىسىغا قاراپ قويمىدى، قارىيالمىدى. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى. چۈنكى ئارقىسىدا تاشلاپ قويغان مەنزىرىگە قاراشقا يۈرىكى چىدىمايتتى. ھەزرىتى ھاجەر بىر قانچە قېتىم چاقىردى. سوئاللىرىغا جاۋاب ئالالمىغان ھەزرىتى ھاجەر ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم.



ئى ئىبراھىم! بىزنى بۇ يەردە قويۇپ قويۇشنى ئاللاھ بۇيرىدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم توختىدى. بۇ سوئالنى جاۋابسىز قويۇشقا بولمايتتى. ھەئە! ھاجەر، ئاللاھ بۇيرىدى، دېدى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ھاجەر خاتىرجەم بولدى، قورقۇش ۋە غەمدىن قۇتۇلدى. ھەرزىتى ھاجەر كۆڭلى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان ھەزرىتى ئىبراھىمنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

- ئۇنداق بولسا مېڭىۋەرگىن، ئى ئىبراھىم! ئاللاھ بىرگە يېتەرلىكتۇر! ئۇ بىزنى قوغدايدۇ ۋە يالغۇز تاشلىۋەتمەيدۇ، دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ جاۋاب بىلەن يولغا داۋام قىلدى. ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغان بىر ئېگىزلىككە كەلگەن ۋاقىتتا، كەبىگە قاراپ قوللىرىنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ئېچىپ:

- ئى رەببىم! ئائىلەمدىن بىر قىسمىنى توغرا ناماز ئوقۇسۇن دەپ كەبىنىڭ يېنىدا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدىغان ۋادىدا تاشلاپ قويدۇم، سەن بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئۇ يەرگە يېقىنلاشتۇرغىن. ئۇلارنى بىر قىسىم نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن، ئۇلارمۇ نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى بىلىپ شۈكۈر قىلغاي، دەپ دۇئا قىلدى.

## زەمزەم سۈيىنىڭ چىقىشى

ئىسمائىل تېخى كىچىك بىر بالا ئىدى. يېنىدا سۇ ۋە ئوزۇقلۇقى تۈگىگەن ئىدى. ھەزرىتى ھاجەر ناھايىتى ئۇسسىدى ۋە سۈتى توختىدى. بوۋاقمۇ ئۇسساپ قورسىقى ئاچقان ئىدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ ئۇسساپ، ئاچلىقىدىن ئېگىرۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتى بىر ئانىنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تىت - تىتلىق ئىچىدە ئالدىدىكى سەفا دوڭلىكىگە يۈگۈردى. بىرەر ئادەمنى كۆرگىلى بولارمۇ؟ دەپ ئەتراپقا قارىدى. ئەمما سۇ، يېمەك ۋە ئىنسان كۆرۈنمىدى.

سەفا دوڭلىكى (ئېگىزلىكى) دىن چۈشتى، كىيىمىنىڭ يوپكىسىنى يىغىپ تۇرۇپ مەرۋە ئېگىزلىكىگە يۈگۈردى. ئۇ يەردىمۇ بىر نەرسە كۆرۈنمىدى. قىززىق قۇملار پۇتلىرىنى كۆيدۈردى. ئەمما ئىنسان ئۈمىد بىلەن

www.munber.org

ياشايتتى. ھەزرىتى ھاجەر كۆز ـ ياشلار ئىچىدە ”بەرداشلىق بەرگىن، بەرداشلىق بەرگىن ئوغلۇم! بەرداشلىق بەر، بالام، ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ، ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ“ دەيتتى.


ھەزرىتى ھاجەر سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا بىر بىر نەرسە تېپىش ئۈمىدى بىلەن يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى. ھاجىلار بۇ سەۋەبتىن سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم كېتىپ كېلىدۇ (سەئيي قىلىدۇ). ھەزرىتى ھاجەر سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يۈرىگەچ:

ـ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغان رەببىم! مېنى ئەپۇ قىل، مېنى كەچۈر، مېنىڭ گۇناھلىرىم سەۋەبىدىن ئىسمائىلنى سۇسىز، ياردەمچىسىز قويمىغىن!

ـ ئىبراھىمغا مەھەرمەت قىلغان، ئىبراھىمنى كۆيدۈرمىگەن رەببىم! ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۇسسۇز! ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۇسسۇزلۇقتىن ئىڭىراۋاتىدۇ، ياردەم قىلغىن، ياردەم قىلغىن، ياردەم قىلغىن، ياردەم قىلغىن ئى رەببىم!“ دەپ دۇئا قىلدى.

ئاخىرقى قېتىم مەرۋە دوڭلۈكىگە چىققان ۋاقىتتا بىر ئاۋاز ئاڭلىدى. دىققەت بىلەن تىڭشىدى، بۇ ئاۋازنى تەكرار ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ھاجەر:

ـ ئى ئاۋاز ئىگىسى، ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم، قولۇڭدىن كەلسە بىزگە ياردەم قىلغىن! دېدى. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ كېيىپى تۆگىشى بىلەن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدا بىر پەرىشتە كۆرۈندى. پەرىشتە ھەزرىتى ھاجەرگە مۇنداق دېدى:



ـ سەن كىم؟ ھەزرىتى ھاجەر:

ـ مەن ھاجەر، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئانىسى، دېدى. پەرىشتە:

ـ ئىبراھىم سىزنى كىمگە ئامانەت قىلدى؟ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ھاجەر:

ـ ئاللاھ تائالاغا ئامانەت قىلدى دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە:


ـ ھەممە ئېھتىياجىڭىزنى بىرەلەيدىغانغا ئامانەت قىپتۇ... دېدى. بۇ چاغدا ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقدىن يىغلاپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇۋاتاتتى. پەرىشتە ئىسمائىلنىڭ پۇتلىرى بىلەن تەپكەن يەرلەرنى قانتى بىلەن قازدى. بىرئازدىن كېيىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

ھەزرىتى ھاجەر ئىسمائىل ئاچلىقدىن ئۆلدى، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھەيران قالدى. ناھايىتى مەرھەمەتلىك رەببىمىز ئۇلارنى بۇ ئىنسانسىز چۆلدە يالغۇز قويمىغان ئىدى. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىغان ئىسمائىلنىڭ پۇتلىرى تەپكەن يەردىن سۇ چىقىرىپ بەرگەن ئىدى.

ھەزرىتى ھاجەر شىرىلداپ ئاققان سۇنى يوقاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. زەمزەم (توختا ـ توختا) دەپ خىتاپ قىلدى. سۇنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. ئىسمائىل ۋە ھاجەر بۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچتى. پۈتۈن ھاجىلار كۈنىمىزگىچە قانغۇچە ئىچىۋاتىدۇ.

www.munber.org

ھەزرىتى ھاجەر بۇ شەكىلدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا بىر كارۋان كەلدى. كارۋان مەككىگە يېقىن يەردە چۈشكۈن قىلدى. بىر قۇشنىڭ ھەزرىتى ھاجەرنىڭ تۇرۇۋاتقان يەرگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.



شۇبھىسىز، بۇ قۇش سۇنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرىشى مۇمكىن، ئەمما بىز بۇ ۋادىدا سۇ يوقلۇقىنى بىلەتتۇق. دېيىشتى. ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردە سۇنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ قايتىپ كەلدى ۋە سۇ بارلىقىنى خەۋەر قىلدى.

كارۋاندىكىلەر سۇنىڭ بېشىدىكى ئىسمائىلنىڭ ئانىسىدىن:

- بىز بۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىپ ساڭا خوشنا بولساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ھاجەر:


- ماقۇل، ئولتۇراقلاشساڭلار بولىدۇ. بۇ سۇدىن ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ، ئەمما بۇ سۇغا سىلەر ئىگىدارچىلىق قىلالمايسىلەر، دېدى. ئۇلار:

- ماقۇل، دەپ قوبۇل قىلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.

ھەزرىتى ھاجەر بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى يالغۇز قويمىدى. شۇنداق قىلىپ مەككە شەھىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسمائىل ئۆسۈپ يېتىلىپ يىگىت بولدى. يېڭى ئورۇنلاشقانلاردىن ئەرەبچە ئۆگەندى.

خوشنىلىرى ئىسمائىلنى ناھايىتى ياخشى كۆردى. ئۇنىڭ گۈزەل ئادىتى ۋە گۈزەل يۈزىگە ھەيران بولاتتى. ئۇنى ئۆزلىرىدىن بولغان بىر قىز بىلەن ئۆيلەندۈردى. يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئىبراھىم مەككىگە كەلدى. ئاتا ـ بالا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئورنى يوقاپ كەتكەن كەبىنى يېڭىدىن بىنا قىلدى.



بەختىيار ھاياتتا ياشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ۋاپات بولىدى. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ 90 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ۋە كەبىنىڭ يېنىغا، تاماملانغان ھىجىر دېگەن يەرگە كۆمۈلگەنلىكى سۆزلەنگەن.

**نەسىھەتلەر:**

قىيىنلىشقا قالمىغان قۇلغا خىزىر كەلمەيدۇ. قىيىنچىلىققا قالغان ھەزرىتى ھاجەرگە پەرىشتە ياردەمگە كەلدى. ئاللاھ تائالا ئامانەتنى يوق قىلمايدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم ھەزرىتى ھاجەر ۋە

www.munber.org

ئۇغلى ئىسمائىلنى ئاللاھقا ئامانەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى ئەڭ ياخشى قوغدىدى. تۈگىدى.

## مۇندەرىجە


تاھارەت، غۇسۇل، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج 2
بىسمىللاھ 2
بىسمىللاھنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى 3
شەيتاننىڭ تاماققا شېرىك بولۇشى 4
ناتونۇش بىر يولۇچىنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن سورىغان سوئاللىرى 4
دىنىي بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار 6
ئوتتۇز ئىككى پەرز 8
"ئامەنتۇ" ئىماننىڭ شەرتلىرى: ئالتە 8
ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: بەش 8
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى: تۆت 9
غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى: ئۈچ 9
تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى: ئىككى 9
نامازنىڭ پەرزلىرى: ئون ئىككى (ئالتىسى ئىچىدە، ئالتىسى تېشىدا) 9
ئالما سۈيى 10
ھاجەتكە ئائىت تازىلىقلار 14
تاھارەت ئېلىش 14
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى 16
تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى 16
تاھارەتنى بۇزىدىغان نەرسىلەر 17
تاھارەتسىز قىلغىلى بولمايدىغان ئىبادەتلەر 17
تەيەممۇم 18
تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى: 18
سۈننەتلىرى 18
قانداق ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلىش كېرەك؟ 19
غۇسۇل 19
غۇسۇلنىڭ سۈنەتلىرى 20
پەرز سۈننەت ۋە ئەدەبكە مۇۋاپىق ھالدا غۇسۇل قىلىش 20
غۇسۇلنىڭ پايدىسى 21
غۇسۇل قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئەھۋاللار 21
جۇنۇب كىشى قىلالمايدىغان ئىشلار 21
ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە ئەھۋاللار 22
تەسەتتۇر 23
ئەزان 25
ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا 26


www.munber.org

ئەزان دېگەن نېمە؟ ئەزان مۇسۇلمانلارغا نېمەلەرنى خاتىرىلىتىدۇ؟ ..... 26
ئەزان ئاۋازى ..... 27
ئاللاھ بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ..... 28
ناماز ..... 29
نامازنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ..... 29
ناماز ئوقۇماسلىقنىڭ جازاسى ..... 30
خەلىپىنى يىغلاتقان بالا ..... 30
ناماز ئوقۇغان باياۋاندا ئازماس ..... 31
بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ۋە رەكئەت سانى ..... 32
ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار ..... 33
بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشى ..... 33
"ئەتتاھىياتۇ" دا ئولتۇرۇش ..... 37
نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئومۇمىي دۇئا ..... 40
پېشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ..... 41
ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ..... 42
ناماز شامنىڭ ئوقۇلۇشى ..... 43
خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ..... 43
ۋىتىر نامىزى ..... 43
نامازنىڭ پەرزلىرى ..... 44
نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار ..... 44
سەھۋە سەجدىسى ..... 45
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ..... 45
بەش ۋاخ نامازدىن باشقا نامازلار ..... 45
جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ شەرتلىرى ..... 46
ھېيت نامىزى ..... 46
سەپەر نامىزى ..... 47
ناماز سۈرىلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ..... 47
روزا تۇتۇش ..... 54
ئىپتار دۇئاسى ..... 59
ھېيتا روزا تۇتسا بولامدۇ؟ ..... 62
ھېيتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر يېتىم قىزنى خوش قىلىشى ..... 62
زاكات ..... 64
باي بولۇشنى تىلىگەن سالەبەنىڭ ئاقىۋىتى ..... 65
زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ..... 69
بۇلۇتتىن كەلگەن ئاۋاز ..... 69
تاز، قارىغۇ، ئاق كېسەل (ئاق كېسەل) ..... 73
ھەج ..... 75
دىپلومى بار ھاجى ..... 77


www.munber.org

مەقامى ئىبراھىم ..... 83
زەمزەمنىڭ چىقىشى ..... 83
زەمزەم سۈيىنىڭ چىقىشى ..... 84

www.munber.org